رمضان مبارك

تقبل الله منا ومنكم صالح الأعمال

# رامىزانلىق
# ۋەز-نەسىھەتلەر

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

# رامىزانلىق ۋەز – نەسىھەتلەر

شەيخ خالىد ھۈسەينان (رحمه الله)

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تعالى نىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى بۇ رىسالە جامائىتىمىزدىكى قېرىنداشلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر شەيخ خالىد ھۇسەينان (رحمه الله)نىڭ ئاغزاكى دەۋىتىنىڭ يېزىقچە تەرجىمىسى بولۇپ، تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەسلى مەنىسىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا ئەدەبىيلەشتۈرۈشكە ۋە ھەرخىل بىلىم سەۋىيەدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىمالال چۈشىنەلىشى ئۈچۈن، ئەڭ ئاممىباب تىللارنى ئىشلىتىشكە تىرىشتۇق. ئايەت - ھەدىس ۋە نەقىل قىلىنغان جۈمىلىلەرنىڭ ئەسلى مەنىبەسىنى يېزىشقا ئەھمىيەت بەردۇق.

«ئاغزاكى دەۋەتنى يېزىقچە ئەدەبىيلەشتۈرۈش»تە مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىقلار بولغاچقا، توغرا قىلغان بولساق الله تعالى نىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن؛ خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ ياردىمى، مەغفىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تعالى بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

# مۇندەرىجە

رامىزان - تەربىيىلەش دەۋرى ............................................................................5
گۈزەل ئەخلاق...........................................................................................10
دۇئاغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ..........................................................17
قۇرئان كەرىمدىكى دوزاخنىڭ بايانى ..................................................................25
الله تعالى نىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشى .......................................................................38
يامان ئىش قىلىپ سالسىڭىز، ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرۈڭ ...............................................43
ھەسەت قىلىش...........................................................................................52
غەيۋەت ...................................................................................................61
سالامنى ئاشكارا قىلىش ...................................................................................71
دۇئالار....................................................................................................78
كۈندىلىك سۈننەتلەر......................................................................................86
تەۋبە قىلىش...............................................................................................93
پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە قىزىقىش .........................................................................101
نىفاقتىن قورقۇش..........................................................................................108
باشقىلارغا دۇئا قىلىش......................................................................................117
شەھىدلەر..................................................................................................125
ھىدايەت ..................................................................................................133
الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ...........................................................140

مەدھىيىلەش ۋە دۇئا قىلىش.......................................................................... 146

جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ........................................................................ 156

قانداق قىلغاندا شۈكۈر قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولالايمەن........................................ 163

قانداق قىلغاندا ھاياتىڭىزنى ئەۋزەل ئەمەللەرگە ئۆزگەرتەلەيسىز ؟ ............................. 173

قانداق قىلغاندا دەۋەتچى بولالايسىز ؟................................................... 183

قانداق قىلغاندا الله قا ئەدەپلىك بولالايسىز ؟............................................. 192

قانداق بولغاندا مۇسۇلماننىڭ ۋاقتى بەرىكەتلىك بولغان بولىدۇ.................................. 202

يالاڭتۆش كىم ؟ ........................................................................ 212

الله نى زىكىر قىلىش......................................................................... 217

«يا حي يا قيوم...» ھەدىسى توغرىسىدا........................................................ 226

# 1- دەرس

# رامزان - تەربىيلەش دەۋرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ﷲ تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ ﷲ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، رامزان بولسا تەدرىجىي تەربىيىلەش دەۋرى ياكى تەدرىجىي تەربىيىلەش پۇرستى. مەن رامزاننى تەدرىجىي تەربىيىلەش باسقۇچى دەپ قارايمەن. ﷲ تعالى روزا تۇتۇشنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك،

---

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1] دېمەك، روزا تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى — ئىنساندا اللە تعالى غا بولغان تەقۋالىقنى پەيدا قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ: «اللە تعالى بىزنى مۇشۇ ئىبادەتلەر بىلەن تەربىيىلىدى» دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. بۇ ئىبادەتلەرنى رەببىمىزنىڭ بىزگە پەرز قىلىشىدىكى مەقسىتى — نەپسىمىزنى پاكلاش، قەلبىمىزنى تەربىيىلەش ھەمدە ئىنساننى ئەخلاقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى بىلەن، يۈكسەك ئەخلاقى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتۇر.

مەسىلەن: اللە تعالى نىڭ بىزگە زاكاتنى پەرز قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى: بىزنى ماددى ۋە مەنىۋى بېخىللىقتىن پاكلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىنساننىڭ سەدىقە - ئېھسان ۋە چىقىم قىلىپ، سېخىي، مەرت بولۇشى ھەمدە ئاجىز - كەمبەغەل مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى ئۈچۈندۇر.

روزا تۇتۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ ئىبادەت ئارقىلىق اللە تعالى بىزنى تەقۋالىق ئۈستىدە تەربىيىلەيدۇ. يەنى ئىنساننى ئۆز رەببىدىن قورقۇش ۋە چوڭ - كىچىك ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىدە رەببىگە تەقۋالىق قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رامزان «تەدرىجىي تەربىيىلەش باسقۇچى» دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇنداقتا، رامزان قانداقسىگە «تەدرىجىي تەربىيىلەش باسقۇچى» دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ؟

كۆپىنچە كىشىلەر رامزاندىن ئىلگىرى سىزگە: «مەن بامدات نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇشقا قادىر بولالمايمەن» دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ

---

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

بامدات نامىزىغا سۇسلۇق قىلغان ۋە هورۇنلۇق قىلغان. لېكىن، رامىزان كىلىشى بىلەنلا بۇ كىشىنىڭ هىممىتى ۋە ئىرادىسى چىڭىيدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى سۇسلۇق قىلغان بۇ كىشىنىڭ رامىزاندا بامدات نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. كۆپ بەڭگىلەرگە: «ئى قېرىندىشىم، نېمىشقا تاماكا چېكىشنى تاشلىمايسەن» دېسىڭىز، ئۇ: «مەن تاماكىنى تاشلاشقا قادىر بولالمايمەن. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن» دەيدۇ. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر رامىزان كىرگەندە كۆپ خەيرى - ئېھسان قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، رامىزاندا سىز بۇ كىشىنىڭ ئۇ ئىشقا سەۋر قىلغانلىقىنى، ھەتتا يىراق ئورۇن، سەھرا ۋە يەر ئاستى ئۆيلەردىمۇ تاماكا چېكىشكە قادىر تۇرۇقلۇق، مەجبۇرى ئەمەس، بەلكى ئىختىيارى ھالدا ئون نەچچە سائەت ئەتراپىدا تاماكا چەكمەسلىككە سەۋر قىلالىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئۇ اللە تعالى نىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ، اللە تعالى نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تاماكا چېكىشنى تاشلايدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر ۋە رامىزاندىن ئىلگىرى ئادا قىلىشقا سۇسلۇق قىلغان نۇرغۇن ئىتائەت، ئىبادەتلەرگە ئۆزىنى مەجبۇرلاشقا ھەم قادىر. سىز بۇ كىشىنىڭ رامىزاندا نامەھرەملەردىن كۆزىنى يىغقانلىقىنى، كىشىلەرگە دەشنام بېرىش ۋە تىللاشتىن تىلىنى ساقلىغانلىقىنى ھەمدە نۇرغۇن ھارام ئىشلارنى تاشلىغانلىقىنى كۆرىسىز. سىز ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىسىڭىز، ئۇ: « اللە بىلەن قەسەمكى، ھازىر بىز رامىزاننىڭ ئىچىدە، ھازىر بىز رامىزاننىڭ ئىچىدە!» دەيدۇ.

دېمەك، رامىزان ئىنساننى ئىتائەت ۋە ئىبادەتتە تاۋلايدۇ. سىزنى كۈچلۈك، ھىممەتلىك ۋە ئىرادىلىك بولۇشقا تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز كېرەك. بۇ ۋاقىتلار «تەربىيىۋى ۋاقىت» دەپ قارىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئىنسان تائەت - ئىبادەتلەردىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە رامىزاندىن كېيىنكى ئىبادەتلىرىمۇ ئاسان بولىشى ئۈچۈن ئۆزىنى تائەت - ئىبادەتلەرگە تەربىيىلەيدۇ. ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە رامىزان ئېيىنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇسۇلماننى ئىلگىرى كۆنەلمىگەن ئىشلارغا كۆندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمدەك، رامىزان كېلىشى بىلەن سىز بۇ كىشىنىڭ كېچىلەردە قىيامدا تۇرىدىغانلىقىنى ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن خاس ۋاقىت ئاجراتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئۇنداقتا، بۇنىڭ سەۋەبى ۋە سىرى نېمە؟ مانا بۇ - پۇرسەت. يەنى رامىزان ئېيى جەريانىدا سىز ئۇنىڭغا كۆنگەن تەربىيىلەش باسقۇچلىرىدىن ئوزۇق ئالغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ياخشى ئەمەللەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ھارام ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە قارىتا بولغان پۇرسەتتۇر.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 2- دەرس

# گۈزەل ئەخلاق

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، ئىسلام ئىنسانلارنى قىزىقتۇرغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن نەرسىنىڭ ئەڭ كاتتىسى — گۈزەل ئەخلاقتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر «گۈزەل ئەخلاق» دېگەن سۆزنى ئاڭلايدۇ - يۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭدىن: «گۈزەل ئەخلاق توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسىز؟»، «گۈزەل ئەخلاق دېگەن نېمە؟»، «گۈزەل ئەخلاقنىڭ شەرتلىرى نېمە؟» ۋە «گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى نېمە؟» دەپ سورىسىڭىز، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى گۈزەل ئەخلاققا قىزىقتۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن: «كىشىلەرنىڭ جەننەتكە

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە ؟» دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: « اللّٰه قا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن.① بۇ يەردىكى تەقۋالىق سىز بىلەن اللّٰه ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ ۋە گۈزەل ئەخلاق: سىز بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: «شەك - شۈبھىسىزكى، مۆئمىن كىشى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغان كىشىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ» دەيدۇ②. ئويلاپ بېقىڭلار! بىزنىڭ قېشىمىزدا كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتقان بىر كىشى بىلەن ئەخلاقى گۈزەل يەنە بىر كىشى بولسا، ئەخلاقى گۈزەل بۇ كىشى كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتقان ئۇ كىشىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى مۆئمىننىڭ تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر توختايدىغان نەرسە — گۈزەل ئەخلاقتۇر».③

گۈزەل ئەخلاقنى تونۇش دېگەن نېمە؟ بۇ قېتىملىق يىغىلىشىمىزدا بىز مۇشۇنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

مەسىلەن، مۇسۇلمان كىشى بۇنى قانداق تونۇيدۇ؟ ئۆز نەپسىنى قانداق ئۆلچەيدۇ ۋە ياكى ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاق بار - يوقلۇقىنى قانداق بىلىدۇ؟

---

① تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ گۈزەل ئەخلاقنى ئۈچ سۆز بىلەن تونۇشتۇرغان: «ئەرزىيەت بېرىشتىن توختاش، ياخشىلىق قىلىش ۋە ئىللىق چىراي بولۇش».①

«ئەرزىيەت بېرىشتىن توختاش» دېگىنىمىز: كىشىلەرگە ئەرزىيەت بېرىشتىن قولىنى يىغىشتۇر. «كىشىلەرگە ئەرزىيەت بېرىشتىن قولىنى يىغىش» دېگەنلىك: كىشىلەرگە سۆز ۋە ئىش ھەرىكىتى بىلەن ئەرزىيەت بېرىشتىن توختاش دېگەنلىكتۇر. سىز كىشىلەرگە تىلىڭىز بىلەن ئەرزىيەت بەرمەڭ، غەيۋەت، چېقىمچىلىق، دەشنام بېرىش، تىللاش، مەسخىرە قىلىش ۋە باشقىلارنى زاڭلىق قىلىشتىن يىراق بولۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەقىقىي مۇسۇلماننى ھەمدە اللە تعالى ياخشى كۆرىدىغان ۋە اللە رازى بولىدىغان مۇسۇلماننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر.»② دېمەك، كىشىلەر ئۇنىڭ تىلىدىن سالامەت قالىدۇ. تىلىنى يىغمايدىغان ئادەم كىشىلەرگە تىلى بىلەن ئەرزىيەت بېرىدۇ، دەشنام بېرىدۇ، تىللايدۇ ۋە لەنەت قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر دائىم باشقىلارغا لەنەت قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ كىشىگە: «ئەخلاقىڭدا كەمچىلىك باركەن» دېسەك، ئۇ: «نېمە كەمچىلىك؟» دەيدۇ. بىز: «سەن كىشىلەرگە تىلىڭ بىلەن ئەرزىيەت بېرىش ياكى ئىش - ھەرىكىتىڭ بىلەن ئەرزىيەت بېرىشتىن ساقلانمايدىكەنسەن» دەيمىز. «ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئەرزىيەت بىرىش»

① ئىمام تىرمىزى نەقىل قىلغان.

② بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

دېگەنلىك: باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش، ناھەق قان تۆكۈش، زىنا قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىقلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئەزىيەت بېرىش» نىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، گۈزەل ئەخلاقنى تونۇشتۇرۇشىمىزدىن بولغان مەقسەتنىڭ بىرىنچىسى، سىز باشقىلارغا تىلىڭىز ۋە ئىش - ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئەزىيەت بېرىشتىن توختىشىڭىز لازىم.

ئىككىنچىسى، ياخشىلىق قىلىش.

ياخشىلىق قىلىشمۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىرىدىن. مەيلى ماددىي ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياخشىلىق قىلىش بولسۇن، بەدىنى ياكى سۆزى بىلەن ياخشىلىق قىلىش بولسۇن، بۇلار كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، كىشىلەرگە ياردەم بېرىش، ياخشىلىق قىلىش، خەيرى - ئېھسان قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا تىرىشىش. مەسىلەن، سىز يولدا بىر ئادەمنى ئۇچراتسىڭىز، ئۇنىڭ ماشىنىسى بۇزۇلۇپ توختاپ قالغان بولسا، سىز ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن بولسىڭىز، مانا بۇ — گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى سىز كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغان بولدىڭىز. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمايدىغان ئادەم: ئەخلاقىدا كەمچىلىك بار ئادەمدۇر.

ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈچىنچىسى ئىللىق چىراي بولۇش.

ئىللىق چىراي بولۇش دېگىنىمىز: تەبەسسۇم قىلىشتۇر. يەنى، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراش. كىشىلەرنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراشنى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەدىقىنىڭ جۈملىسىدىن

ساندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «سەن كىچىككىنە بىر ياخشىلىقنىمۇ ئاددى كۆرمە. ھەتتاكى بۇرادىرىڭگە ئىللىق چىراي بىلەن ئۇچراشقىنىڭمۇ (تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدىغان) ياخشىلىقتۇر.»[1]

بەزى كىشىلەر باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەندە تەبەسسۇم قىلماي، دائىم قاپىقى تۈرۈلگەن ھالەتتە كۆرۈشىدۇ. ئۇلار كۆڭلىدە: « بۇنداق قىلىش — مەجبۇرىيەتنىڭ، ئىخلاسمەنلىكنىڭ، تەقۋالىقنىڭ، ئىبادەتنىڭ ۋە دۇنياغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكنىڭ ئىپادىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دەپ ئويلاپ، كىشىلەرگە قاپىقىنى تۈرگەن ھالەتتە سالام قىلىدۇ. بۇ كىشىنىمۇ «ئەخلاقىدا كەمچىلىك باركەن» دەيمىز.

كۈلۈمسىرەش — سىزنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىڭىزدىن ئىككى سانتىمېتىر ۋە تۆۋەنكى كالپۇكىڭىزدىن ئىككى سانتىمېتىر كۆتۈرۈپ قويۇشىڭىزدىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ، خالاس. ئىنساننىڭ تەبىئىتى — ئىنسان ئۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ يۈزى ھەرقانچە كۆرۈمسىز بولۇپ كەتسىمۇ، باشقىلارنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىسا، كىشىلەر يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولىدۇ؛ ئەمما ئۇ كىشىنىڭ يۈزى ۋە كۆزى ھەرقانچە گۈزەل بولۇپ كەتسىمۇ، كىشىلەرنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم بىلەن قارىمىسا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، دەردىنى تۆكمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ شەخسى سىرلىرىنى ئېيتمايدۇ.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، يىغىپ ئېيتقاندا، گۈزەل ئەخلاقنىڭ

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىپادىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: باشقىلارغا ئەرزىيەت بىرىشتىن توختاش، ياخشىلىق قىلىش، ئىللىق - چىراي بولۇش.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ رەببى، كەرەملىك اللّٰه تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن.

# 3- دەرس

# دۇئاغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، بىز بۇ ئۇچرىشىشتا «دۇئاغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش» ھەققىدە سۆزلەيمىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ھەتتا دۇئادىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەربىيىلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى دىن سورىغان ۋاقتىڭلاردا فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئۈستىدۇر.»② ئۇنداقتا جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان فىردەۋسكە نىسبەتەن قىزىقىشىڭىز قانداق؟ بىز ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تعالى نىڭ پەزلى - مەرھەمىتىنى

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

② بۇخارى رىۋايىتى.

سورايمىز!

يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(دۇئادا) رىغبىتىڭ يۇقىرى بولسۇن. سېنىڭ تىلىگىنىڭنى بېرىش اﷲ تائالى ئۈچۈن ھېچقانچە تەس ئەمەس» دېدى.① كۆپ كىشىلەردىن: «نېمە ئۈچۈن ئالىي فىردەۋسنى سورىمايسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، (ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ:) «سىز ئالىي فىردەۋسنى ئەمەللىرىڭىز ۋە ئىتائەتلىرىڭىز بىلەن سورىمايسىز، بەلكى سىز اﷲ تائالى نىڭ رەھمىتى، سېخىيلىقى ۋە پەزلى بىلەن سورايسىز.» شۇڭا بەزى ئۆلىمالار: «سىلەر اﷲ تائالى دىن سورىغان ۋاقتىڭلاردا فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار!» دېگەن ھەدىسنى شەرھىيلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئالىي فىردەۋسكە ئۆز دۇئاسى سەۋەبلىك ئېرىشىدۇ». ئۆلىمالار نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ؟ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇمكىن بولمايدىغان بىر نەرسىگە باشقىلارنى دەۋەت قىلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىزچىل مۇنداق دېدى: «سىلەر اﷲ تائالى دىن سورىغان ۋاقتىڭلاردا فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار». بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ بەزىدە ئالىي فىردەۋس جەننىتىگە دۇئاسى سەۋەبلىك ئېرىشىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

بىز ھازىر ئاددى ئەقلىمىز بىلەن «پەقەت قۇرئان كەرىمنى ئۇن خىل قىرائەتى بىلەن، ئالتە ھەدىس كىتابلىرىنى ئىسنادلىرى بىلەن ۋە مەزھەپ كىتابلىرىنى يادلىغان ھەمدە ئەقىدە كىتابلىرىنى ئوقۇغان ئۆلىمالار، فىقھشۇناسلار ۋە مۇھەددىسلەرلا ئالىي فىردەۋسكە كىرىدۇ» دەپ ئويلايمىز. ئەگەر بىزگە: «پالانى پادىچى ئالىي فىردەۋس بىلەن

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

رىزىقلاندۇرۇلدى!» دېيىلسە، ئۇنىڭ كىرىشىنى يات سانايمىز. شۇنداق! ئۇمۇ ئالىي فىردەۋسكە كىرىدۇ. ئى قېرىنداشلىرىم، نېمە ئۈچۈن؟ سىز كەڭرىچىلىكنى تار قىلىۋېلىپ: «ئۇ كىشى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نېمە مەنپەئەت يەتكۈزدى؟ ئۇ نېمىنى يادلىغان؟ نېمىنى ئۆگەنگەن؟» دەيسىز. شۇنداق، اللە تعالى ھەقىقەتەن پەزلى كەڭ ۋە سېخىيلىقى كاتتا زاتتۇر. ئەگەر اللە تعالى ئاسمان - زېمىن ئەھلىنى ئالىي فىردەۋسكە كىرگۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، اللە تعالى نىڭ مۈلكىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەيدۇ. چۈنكى اللە تعالى پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن باي، سېخىي، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان زاتتۇر. سىز اللە تعالى دىن ئۇ زاتنىڭ رەھمىتى بىلەن ئالىي فىردەۋسنى سوراپ دەيسىزكى: «رەھمىتىڭ، پەزلىڭ، سېخىيلىقىڭ، ئاتا - ئېھسانىڭ ۋە مېھرىبانلىقىڭ تولىمۇ كەڭرى بولغان كەرەملىك اللە، مەن سەندىن سېخىيلىقىڭ، رەھمىتىڭ، پەزلىڭ بىلەن سورايمەن. كېچە - كۈندۈزنىڭ سېخىيلىقى ئىلكىدە بولغان ئى اللە ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ خەزىنىلىرى ئىلكىدە بولغان ئى اللە! — سىز اللە قا سانا ئوقۇڭ، اللە نى مەدھىيلەڭ، اللە نى ئۇلۇغلاڭ. اللە نى ئۇلۇغلاپ مۇقەددەس بىلگەندىن كېيىن، سوراڭ...، — مەن سېنىڭ سېخىيلىقىڭ، رەھمىتىڭ، پەزلىڭ بىلەن سەندىن ئالىي فىردەۋسنى سورايمەن، ئى ئالەملەرنىڭ رەببى!»

ھەتتا بەزى ئىنسانلارنىڭ كېچىلىك نامىزى ۋە كۈندۈزلۈك روزىسى يوق تۇرۇپ، يەنى، كۆپ تائەت - ئىبادەتلىرى يوق تۇرۇپ، فىردەۋسكە ئېرىشىدۇ. بىز تارلاشتۇرۇۋالمايلى، ئەقىللىرىمىز ۋە قەلبلىرىمىزنى چەكلەپ قويمايلى! ئالىي فىردەۋسنى پەقەت مۇئەييەن شەخسلەر بىلەنلا چەكلەپ قويۇش توغرا ئەمەس. گاھىدا كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولمىغان بىر

كىشى ئالىي فىردەۋسكە ئېرىشىپ، مەشھۇر بولغان كىشى ئالىي فىردەۋسكە كىرەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ الله تعالى نىڭ پەزلىدۇركى، بۇنى الله تعالى ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلىدۇ. گاھىدا، سۈرە فاتىھەنى يادا بىلمەيدىغان، الله تعالى بىلەن يالغۇز سىردىشىدىغان، ياشىنىپ قالغان موماي قەلبىنىڭ ساپلىقى، دۇئاسى ۋە الله تعالى غا يىلىنىپ يالۋۇرۇشى بىلەن ئالىي فىردەۋسكە كىرىدۇ.

ھەقىقەتەن الله تعالى ھەر نەرسىگە قادىردۇر. الله تعالى سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! سىلەر كەڭرىچىلىكنى تارلاشتۇرۇپ قويماڭلار، الله تعالى نىڭ سېخىيلىقىنى چەكلەپ قويماڭلار! الله تعالى نىڭ سېخىيلىقى ئىنتايىن كەڭ ۋە پەزلى بەك كاتتىدۇر.

ئى قەدىرلىك دوستلار، كېچە - كۈندۈز الله تعالى غا يېقىنلىشىڭلار! تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار، بىر ئىنسان كېچە - كۈندۈز سەجدىلىرىدە دائىم الله تعالى غا يېقىنلىشىپ: «اللهم إنّي أسألك الفردوس الأعلى برحمتك وكرمك يا كريم يا رحمن يا رحيم يا بديع السموات والأرض يا ذا الجلال والإكرام أسألك برحمتك وفضلك أن ترزقني الفردوس الأعلى» (تەرجىمىسى: «ئى الله، سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە سېخىيلىقىڭ بىلەن سەندىن ئالىي فىردەۋسنى سورايمەن! ئى كەرەملىك، مېھرىبان، شەپقەتلىك، ئاسمان - زېمىننى كامالى قۇدرەت بىلەن ياراتقۇچى، ئۇلۇغ ۋە پەزلى - كەرەم ئىگىسى ئى الله، مەن سەندىن پەزلىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن ئالىي فىردەۋسنى رىزىق قىلىپ بېرىشىڭنى سورايمەن!») دەپ، كۈندە 100 ~ 200 قېتىم سورىسا، الله تعالى بۇ ئىنساننىڭ دۇئاسىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. الله تعالى نىڭ

سېخىيلىقى بۈيۈك ۋە پەزلى كەڭدۇر.

اللّٰه تعالى سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ئالىي فىردەۋسكە ئىنتىلىڭلار! سىز ئەمەللىرىڭىز، ئىتائەتلىرىڭىز، ئىمانىڭىز ۋە ئىلمىڭىز بىلەن «فىردەۋسكە ئېرىشىمەن» دەپ ئويلىماڭ. سىز گاھىدا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسىز. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئورۇنغا نىسبەتەن «رىغبىتىڭ يۇقىرى بولسۇن!» دېگەن. سىز ھېچبىر ئىشنى يىراق سانىماڭ. بەزى كىشىلەر: «قېرىنىدىشىم، مەن اللّٰه تعالى دىن سىزگە فىردەۋس جەننىتىنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى دۇئا قىلىپ سورايمەن، مەن بۇنى قىيىن دەپ ئويلىمايمەن ھەمدە بۇنىڭ بىر قىيىن ئىش بولۇپ قېلىشىدىن، اللّٰه قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دەيدۇ. سىز بىرەر بەندىنىڭ اللّٰه قا نىسبەتەن يامان گۇماندا بولغانلىقىنى ئۇچراتسىڭىز قانداق ئويلايسىز؟ اللّٰه تعالى ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىنىڭ يېنىدا، بەندەم ماڭا خالىغان نەرسىسىنى گۇمان قىلسۇن»①. بەزى رىۋايەتلەردە: «ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا بولغان گۇمانى ياخشى بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ياخشىلىق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا بولغان گۇمانى يامان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ يامانلىق بولىدۇ» دېيدى.② سىز داۋاملىق: «اللّٰه تعالى فىردەۋس جەننىتىنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ» دەپ ئۈمىد قىلسىڭىز، اللّٰه تعالى غا يېقىنلاشسىڭىز، دۇئانى تەكرارلاشتىن بوشاشمىسىڭىز ۋە سەۋر قىلسىڭىز، — ئى قەدىرلىك

---

① تەبرانى رىۋايىتى.

② ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دوستلار، بۇ ئىش سەۋرگە مۇھتاج بولىدۇ، — اﷲ تائالا پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن سىزگە ئالىي فىردەۋس جەننىتىنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. ھەتتا سىزدە كۆپ تائەت - ئىبادەتلەر بولمىسىمۇ، گەرچە سىز ئالىم، فىقھشۇناس ۋە مۇھەددىس بولمىسىڭىزمۇ، اﷲ تائالا سىزگە رىزىق قىلىپ بىرىدۇ. اﷲ تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ۋە سېخىي زاتتۇر.

ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اﷲ تائالا دىن ھەممىڭلارغا ئالىي فىردەۋسنى ئاتا قىلىشنى سورايمەن!

سىلەر قېرىنداشلىرىڭلارغا دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار. ئەپسۇس، قېرىنداشلىرىمىزغا اﷲ تائالا نىڭ فىردەۋسنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى بىز بەك ئاز دۇئا قىلىۋاتىمىز. خۇددى فىردەۋس بىزنىڭ قولىمىزدىكىدەك ۋە بىز خالىغان كىشىلەرنى فىردەۋسكە كىرگۈزىدىغاندەك، بىزنى ئەجەبلەندۈرگەن (يەنى بىز ياقتۇرغان) كىشىلەرنى فىردەۋسكە كىرگۈزىمىز، بىزنى ئەجەبلەندۈرمىگەن(يەنى بىز ياقتۇرمىغان) كىشىلەرنى فىردەۋسكە كىرگۈزمەيمىز.①

ئى قەدىرلىك دوستلار، ئالىي فىردەۋس جەننىتى سېخىيلارنىڭ ئەڭ سېخىيسى ۋە شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەت قىلغۇچىسى — اﷲ تائالا نىڭ قولىدا. قېرىنداشلىرىڭىزغا: «ئى اﷲ، پالانىغا ئالىي فىردەۋس جەننىتىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن!» دېسىڭىز، ئەجىبا پەرىشتىلەر نېمە

① ئاپتور بۇ جۇملىدە ئۆزى ياقتۇرغان ۋە ياقتۇرمىغان كىشىلەر ھەققىدە دۇئا قىلىش ۋە قىلماسلىقنى مەقسەت قىلماقچى.

دەيدۇ؟ پەرىشتىلەر: «ساقمۇ شۇ بولسۇن!» دەيدۇ. الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! سىز دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا تونۇش قېرىنداشلىرىڭىزغا، ھەمراھلىرىڭىزغا، يېقىنلىرىڭىزغا، ئەھلىڭىزگە ۋە دوستلىرىڭىزغا ئالىي فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭ!

ئاخىرىدا، الله تعالى دىن بىزلەرنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز. وجزاكم الله خير!

# 4- دەرس

# قۇرئان كەرىمدىكى دوزاخنىڭ بايانى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بۇ ئۈچرىشىشىمىزدا بىز إن شاء اللە قۇرئان كەرىمدىكى دوزاخنىڭ بايانى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھاياتىغا نەزەر سالساق، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھەر ۋاقىت دوزاخنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

سىز رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھەر ۋاقىت اللە قا سىغىنىپ، دوزاختىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ!

مەسىلەن، بىز ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكىرلەردە اللە قا

---

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

سېغىنىپ، دوزاختىن پاناھ تىلىگەن دۇئالارنى ئۇچرىتىمىز. «أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَه، لَهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذَا الْيَوْمِ، وَخَيْرَ مَا بَعْدَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هَذَا الْيَوْمِ، وَشَرِّ مَا بَعْدَهُ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ، وَسُوءِ الْكِبَرِ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ، وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ» (تەرجىمىسى: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق اللە قا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، جىمى ھەمدۇ - سانا اللە قا خاستۇر. اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ - سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئى رەببىم! بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن ھەمدە ساڭا سېغىنىپ بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! ساڭا سېغىنىپ ھۇرۇنلۇقتىن ۋە قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! ساڭا سېغىنىپ دوزاخ ئازابى ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن.» [1])

سىز رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھەر كۈنى، ھەر ئەتىگەن ۋە كەچتە اللە قا سېغىنىپ، دوزاختىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ!

شۇنىڭدەك، تەشەھھۇدتىن كېيىن ۋە سالامدىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ اللە قا سېغىنىپ، دوزاختىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇچرىتىمىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە تەشەھھۇدتىن كېيىن بۇ دۇئانى ئۇقۇشىمىزنى ئۆگەتكەن ئىدى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنِ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ» (تەرجىمىسى: «ئى الله، مەن ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ، قەبرە ئازابىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، ھايات - مامات پىتنىسىدىن ۋە دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن.»[1])

رەسۇلۇللاھ ﷺ دوزاخنى ئەسلەشنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ھەم ئۇنتۇپ قالمايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويياتتى ۋە: «رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ» (تەرجىمىسى: «ئى رەببىم، مېنى سەن بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازابىڭدىن ساقلىغىن!»[2] دېگەن بۇ دۇئانى بىر قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم دەيتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقىنىدەك، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ دۇئالىرىنىڭ كۆپرەكى بولغان بۇ دۇئانى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار: «رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ» (تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن») [3]

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

دېمەك، دوزاخنى ئەسلەش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھاياتىدا، پىكرىدە ۋە قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئېسىدىن ۋە خىيالىدىن چىقىپ كەتمەيتتى. دېمەك، مۇسۇلمان دائىم دوزاخنى ئەسلىشى ۋە ھەرۋاقىت دوزاخ توغرۇلۇق دەرسلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇشى ياكى دوزاخنىڭ سۈپىتى توغرۇلۇق كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى، الله تعالى دىن قورقۇشنى زىيادە قىلىش، دۇنيا شەھۋەتلىرى ۋە لەززەتلىرىگە چۆكۈپ كەتمەسلىك، گۇناھ - مەئسىيەتكە بېرىلمەسلىك ۋە ئاخىرەتنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالماسلىق ئۈچۈندۇر.

بۇ ئۈچرىششىمىزدا مەن دوزاخ ياكى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالى زىكىر قىلىنغان بەزى ئايەتلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا بەزى روشەن مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

تۆۋەندە بىز ھەدىس ئەمەس، بەلكى ئايەتلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَذَانِ خَصْمَانِ اخْتَصَمُوا فِي رَبِّهِمْ فَالَّذِينَ كَفَرُوا قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِنْ نَارٍ﴾ «(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كۇففارلار الله نىڭ دىنى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ، مۆمىنلەر الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار الله نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)، كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ»[1] تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئىنساننىڭ كىيىمى ئوتتىن بولسا ۋە بۇ ئوت دوزاخ ئەھلىنىڭ كىيىمى بولسا ھەمدە ئۇلارغا ئوتتىن كىيىملەر

[1] سۈرە ھەج 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پىچىلسا، ئەھۋالى قانداق بولار؟!

ئازاب بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. اللّٰه تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُصَبُّ مِنْ فَوْقِ رُءُوسِهِمُ الْحَمِيمُ﴾ «ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قويۇلىدۇ.»① اللّٰه ساقلىسۇن! دوزاخ ئەھلىنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. «الْحَمِيمُ» دېگەن نېمە؟ «الْحَمِيمُ»: ھارارىتى ۋە قاينىشى كۈچلۈك بولغان قايناقسۇ. مەن سىلەرگە بىر مىسالنى بايان قىلاي. ئەگەر ھازىر بىر كىشى سۇ تامچىيدىغان ئورۇننىڭ ئاستىدا بىر سائەت ئولتۇرسا، بۇ سۇ قايناق سۇ ئەمەس، بەلكى ئىسسىق سۇ بولسا، — بىز بىر كۈن ياكى بىر ھەپتە ئەمەس، بەلكى بىر سائەت ئولتۇرسا دەۋاتىمىز، — ھەر مىنۇتتا بىر تامچە سۇ تامچىسا، سۇ تامچىغان كىشى ئۇچۇن ئۇ ھېچقانچە ئازاب ئەمەس، لېكىن ئۇ روھى ئازاب تارتىدۇ. بىر سائەت جەريانىدا، ھەر بىر مىنۇت ياكى بەش مىنۇتتا بىر تامچە سۇ تامچىغان تەقدىردىمۇ، چارچاپ ئازابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، روھى جەھەتتە ئازابلانغان بۇ كىشى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئەگەر بۇ ئازابنىڭ ئورنىغا جەھەننەمنىڭ ئوتى بولسىچۇ؟

ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك سۇ قۇيۇلىدۇ. اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُؤُوسِهِمُ الْحَمِيمُ ۞ يُصْهَرُ بِهِ مَا فِي بُطُونِهِمْ وَالْجُلُودُ﴾ «ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قويۇلىدۇ [19]. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى

① سۈرە ھەج 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېرىتىلىدۇ[20].» ① ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ تۆكۈلگەن ۋاقىتتىكى يۇقىرى ھارارەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن تۆكۈلگەن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ: قاتتىق قايىنىغان ۋە قىزىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ قورساقلىرىدىكى ئۈچەي - باغرى، ھەتتاكى تېرىلىرىنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. بىز اﷲ تعالى دىن مۇشۇ ئازابتىن خاتىرجەم ۋە سالامەت قىلىشىنى تىلەيمىز.

اﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُؤُوسِهِمُ الْحَمِيمُ ۞ يُصْهَرُ بِهِ مَا فِي بُطُونِهِمْ وَالْجُلُودُ ۞ وَلَهُم مَّقَامِعُ مِنْ حَدِيدٍ ۞﴾ «ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ [19]. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ [20]. ئۇلار تۆمۈر - توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ.» ② سىز تۆمۈر توقماقلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئازابلىنىدۇ. اﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلَّمَا أَرَادُوا أَن يَخْرُجُوا مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُوا فِيهَا﴾ «ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم - قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ» ③ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا شۇ تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. بىز اﷲ تعالى دىن ئۇ ئازابتىن خاتىرجەم ۋە سالامەت قىلىشىنى سورايمىز.

---

① سۈرە ھەج 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 20- ئايەت.

② سۈرە ھەج 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 20-21- ئايەتلەر.

③ سۈرە ھەج 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللّٰە تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾ «قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟»① تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇلار قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن قايناقسۇ قۇيۇلۇپلا قالماستىن، ھەتتا ھارارىتى يۇقىرى قايناقسۇ ئۇلارغا ئىچۈرۈلىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! مەن سىلەرگە بۇ كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن بىر قانچە مىساللارنى بايان قىلىشنى ياخشى كۆردۈم. ئەمما بۇلار تەخمىني مىسال بولۇپ، ئۇ دوزاخ ئوتىنىڭ دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ. چۈنكى جەھەننەمنىڭ ئوتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلغىنىدەك، دۇنيا ئوتىدىن 70 ھەسسە ئارتۇق.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئەگەر ھازىر سىزدىن بىر ئىستاكان (قىزىق) چاي ياكى قەھۋەنى تېز سۈرئەتتە ئىچىش تەلەپ قىلىنسا، ئەھۋالىڭىز قانداق بولار؟ سىزنىڭ ئۈچەيلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا جەھەننەمنىڭ ئوتى بولسا نېمە بولۇپ كېتەر!؟ ﴿وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾ «قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟»② سىز بۇ ئايەتنى ۋە مۇشۇ ھالەتنى ھېس قىلىپ بېقىڭ! رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە نېمە دېگەن؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگەن

① سۈرە مۇھەممەد 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە مۇھەممەد 15- ئايەت.

بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار»① لېكىن مەسىلە، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلگەن نەرسىنى بىلمەيمىز.

شۇنىڭدەك، اللە تعالى ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿مِنْ جَهَنَّمَ مِهَادٌ وَمِنْ فَوْقِهِمْ غَوَاشٍ﴾ «دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ»②. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! دوزاخ ئەھلى ئۈچۈن ئوتتىن بولغان كۆرپە بار.

﴿وَمِنْ فَوْقِهِمْ غَوَاشٍ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ يېپىنچىسىمۇ ئوتتىن. دېمەك، ئۇلارغا ئوتتىن بولغان كىيىم، ئوتتىن بولغان كۆرپە ۋە تۆمۈردىن بولغان توقماقلار بار.

يەنە بىر ئايەتتە، اللە تعالى سىزگە دوزاخ ئەھلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈمدۇر. خۇددى بۇ دۇنيادا كافىرلار ئارزۇ قىلغان ئارزۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھاياتلىق بولغىنىدەك، جەھەننەمدە كافىرلار ئارزۇ قىلغان ئارزۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئۆلۈمدۇر. بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار!

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا لَهُمْ نَارُ جَهَنَّمَ لَا يُقْضَى عَلَيْهِمْ فَيَمُوتُوا وَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُم مِّنْ عَذَابِهَا﴾ «كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ،

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② سۈرە ئەئراف 41- ئايەت.

ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ»[1]. يەنى ئاخىرەتتە ئۆلۈم يوق ۋە ئۇلاردىن دوزاخ ئازابى يەڭگىللىتىلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ تېخنىكىلىرى قانچە يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ، ئىنسانلارنى قانچىلىك ئازابلىيالايدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ! ئۇلار سىزنى قانچىلىك ئازابلار؟! بەلكىم بىر ~ ئىككى ئاي ئازابلار، ئاندىن ئۆلۈپ كەتسىڭىزلا بۇ ئازاب ئاخىرلىشىدۇ، خالاس!

لېكىن تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! دوزاخ ئازابىنىڭ ئاخىرقى چېكى يوق. تەسەۋۋۇر قىلىڭ! ئىنسان مەڭگۈ ئازابلىنىدۇ. جەھەننەمدە چۈشلۈك، جۈمە كۈنلۈك ياكى پەيشەنبە كۈنلۈك ئارامغا ئوخشاش ۋە ياكى «ماڭا بەنادۇل (يەنى ئاغرىق توختىتىش دورىسى) بېرىڭلار! مەن ئازراق ئارام ئېلىۋالاي!» دېگەنگە ئوخشاش، ئارام ئېلىش يوق. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئىنسان جەھەننەمدە 24 سائەت، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئازابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىرەرسىمىزنىڭ بىر كۈن ئەتراپىدا بېشى ئاغرىپ كەتسە نېمە بولۇپ كېتەر؟! شۇ ۋاقىتتا ئۇ ھاياتلىق ۋە دۇنيانى يامان كۆرىدۇ. اللّٰه تعالى دىن بىزنى ئۇ ئازابتىن سالامەت قىلىشنى سورايمىز!

بىر قانچە يىل توختىماي ئازابلىنىۋاتقان ئىنساننىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ كافىر - مۇشرىكلار مەڭگۈ ئازابلىنىدۇ، ئەمما مۇئمىنلەر بولسا ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھېسابى بويىچە ئازابلىنىدۇ. ﴿لَا يُقْضَىٰ عَلَيْهِمْ فَيَمُوتُوا وَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُم مِّنْ عَذَابِهَا﴾ «ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ

[1] سۈرە فاتىر 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېنىكلىتىلمەيدۇ» ①. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئازاب ئۇلاردىن يەڭگىللىتىلمەيدۇ. يەنى، كېلەر يىلدىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى يىلدىمۇ، 20 يىل، ھەتتا 100 يىلدىن كېيىنمۇ، ئۇلاردىن ئازاب يەڭگىللىتىلمەيدۇ. داۋاملىق شۇ ئازاب! ئۇ دوزاخ ئازابى ئۆزگەرمەيدۇ.

بىز اللە تعالى دىن خاتىرجەملىك ۋە سالامەتلىكنى تىلەيمىز! ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دائىم دوزاخنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز ۋە اللە قا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلىشىمىز زۆرۈر.

اللە تعالى يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَادَوْا يَا مَالِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ﴾ «ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ.» ② ئۇلار: «بىزنى قويۇۋەت! بىز ئۆلەيلى!»، «بىزنى خالىي قوي! بىز ئارام ئالايلى! ئازابتىن چارچاپ كەتتۇق!» دەيدۇ. ﴿وَنَادَوْا يَا مَالِكُ﴾ مالىك دېگەن كىم؟ مالىك: دوزاختا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىدۇر.

﴿وَنَادَوْا يَا مَالِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ﴾ «ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە): ‹ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن› دەپ توۋلايدۇ.» ③ ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما اللە تعالى ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

① سۈرە فاتىر 36- ئايەت.

② سۈرە زۇخرۇف 77- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە زۇخرۇف 77- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿إِنَّكُمْ مَّاكِثُونَ ۞ لَقَدْ جِئْنَاكُم بِالْحَقِّ وَلَكِنَّ أَكْثَرَكُمْ لِلْحَقِّ كَارِهُونَ﴾ «مالىك: ‹سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر›» دەيدۇ [77]. بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن) نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن) نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر.»①

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە بىر مىسال بايان قىلىشنى ياخشى كۆردۇم. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئەگەر بىر ئادەم پەقەت بىر تال يىڭنىنى ئېلىپ كېلىپ، سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە، كۆزىڭىزگە ياكى بەدىنىڭىزدىكى سەزگۈر ئەزالىرىڭىزغا سانجىشقا باشلىسا، ئەھۋالىڭىز قانداق بولار؟ سىز ئازابنى ھېس قىلىسىز. ئەگەر سىزگە: «كىچىك چوغنى قولۇڭغا قوي!» دېيىلسە، نېمە ئىش يۈز بېرەر؟

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! جەھەننەمنىڭ ئوتىنى سۈپەتلەپ بولغىلى بولمايدۇ.

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَيَوْمَئِذٍ لَّا يُعَذِّبُ عَذَابَهُ أَحَدٌ﴾ «شۇ كۈندە ھەر ئەھەدى (اللە قا ئاسىيلىق قىلغانلارنى) اللە جازالىغاندەك جازالىمايدۇ.»② بىرەر بىر ئادەم اللە تعالى ئازابلىغانغا ئوخشاش ئازابلاشقا قادىر بولالمايدۇ. بۇ توغرىسىدا اللە تعالى نىڭ دوزاخ ئازابى ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق تىلغا ئالغان كۆپلىگەن ئايەتلىرى بار. مۇئمىن كىشى چوقۇم بۇ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا دوزاخ توغرۇلۇق ماتېرىياللارنى ئوقۇپ تۇرۇشى ۋە ھەر ئايدا دوزاخنى

① سۈرە زۇخرۇف 77- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 78- ئايەت.

② سۈرە فەجر 25- ئايەت.

ئەسلىتىش ھەققىدىكى ئۇنىئالغۇ لېنتىلارنى ئاڭلاپ تۇرۇشى زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا قەلبلەر اللە تىن قورقىدۇ، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ياندۇ ۋە ئىنسان گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ۋە ۋاجىباتلارنى تەرك ئېتىشتىن ئاگاھ بولىدۇ.

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن بىزنى ۋە سىلەرنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنى ھەمدە مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈشىنى سورايمەن!

# 5- دەرس

# الله تعالى نىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، بۇ ئۈچرىشىشىمىزدا ھاياتىمىزنىڭ ھەر بىر مىنۇت ۋە ھەر بىر دەقىقىلىرىدە بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋە مۇھىم بىر تېما بولغان «بۇيۇك ۋە كاتتا زات الله تعالى نىڭ نازارەت قىلىشى» ھەققىدە سۆزلەيمىز.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُورُ﴾ «الله كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ»①. ﴿إِنَّ اللَّهَ لا يَخْفَى عَلَيْهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلا فِي السَّمَاءِ﴾ «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە اللە قا مەخپىي ئەمەس» ②. اللە قا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس. اللە مۇشۇ كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۇشۇ كائىناتنىڭ ئىلاھى. ئۇ زاتقا ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئۆلىمالار: « <المراقبة> (يەنى نازارەت قىلىش) نىڭ مەنىسى: قەلبىنىڭ، رەب تائالانىڭ (ئۆزىگە) يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىشى» دېدى. ئى قېرىنداشلار، اللە بىلەن قەسەمكى، ئىنسانىنىڭ بۈيۈك ياراتقۇچى اللە تعالى نىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشىدىن قورقۇشىدىن بەكرەك، مەخلۇقنىڭ كۆزىتىپ تۇرىشىدىن قورقۇشى ئېغىر مەسىلىدۇر.

ئەگەر ھازىر بازار، يىغىلىش سورۇنلىرى ۋە كوچىلارغا كامېرالار ئورنىتىلسا، ئۇلار (يەنى كامېرا ئالدىدىكى كىشى): «كىمكى بىرەر ئايالغا قارىسا، بىز ئۇ ئايالغا تەكرار قارىغان ئادەم بىلەن جېدەللىشىمىز ۋە ئۇ جازاغا تارتىلىدۇ» دېسە، سىز قانداق ئويلايسىز؟

بۇ ۋاقىتتا سىز كىشىلەرنىڭ ئايال كىشىگە قاراشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلغانلىقىنى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە: «اللە بىلەن قەسەمكى، بۇ يەردە كامېرا بار، ئۇ كامېراغا قاراڭ! ئۇ مېنى كۆرۈۋاتىدۇ، مېنى سۈرەتكە

① سۈرە غافىر 19- ئايەت.

② سۈرە ئال ئىمران 5- ئايەت.

ئېلىشۋاتىدۇ. ئەگەر تەكرار قارىغانلىقىمنى كۆرۈپ قالسا مەن بىلەن جېدەللىشىدۇ!» دەپ، مەخلۇق بولغان – كامېراغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى رەببىنىڭ ھەر ۋاقىت قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ئەمەلىيەتتە بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن: سىز بەزى كىشىلەرنىڭ ئەگەر ماشىنىدا بەش - ئالتە ياشلىق باللىرى بىلەن بىرگە بولۇپ قالسا، شۇلار ئالدىدا گۇناھ قىلىشتىن قورققانلىقىنى ۋە ھەرقانداق ھارام ئىشلارنى قىلىشقا ئامال قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئۇ كىشى كىچىك باللىرىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدۇ - يۇ، ئەمما ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ غالىب، بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك الله تعالى دىن قورقمايدۇ.

ئەگەر بۇنى «بىرەر نەرسىنى ئۇقتۇرىدۇ» دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلار، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز الله تعالى نىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. مەسىلەن، ھەرقانداق بىر ئەمەلگە قەدەم قويۇشىڭىز، ھەرقانداق بىر سۆزنى دېيىشىڭىز ۋە ھەرقانداق بىر قەدەمنى ئېلىشىڭىزدىن ئىلگىرى الله تعالى نىڭ سىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەڭ. الله تعالى ھەقىقەتەن سىزنىڭ ھەر بىر ئىشىڭىزنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. بىشر ھافىي مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر كىشىلەر اﷲ تەالى نىڭ كاتتىلىقىنى ئەسلەپ تۇرغان بولسا اﷲ تەالى غا ئاسىي بولمىغان بولاتتى».

لېكىن ھازىر كىشىلەر «مەخلۇقنىڭ كاتتىلىقى»نى ئەسلەپ تۇرىدۇ. «مەخلۇقنىڭ كاتتىلىقى» كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىگەللەۋاتىدۇ.

ئاندىن ئۇ كىشى خالىقتىن ھايا قىلىغاندىن بەكرەك مەخلۇقتىن ھايا قىلىدۇ. ئۇ كىشى ئەگەر ئۆزى يالغۇز قالسا، يالغۇز سەپەر قىلسا ياكى يالغۇز مېھمانخانىدا، ئايرىم ياتاقتا بولسا، ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماي ئۆز رەببىگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن ئۇ كىشى بىرەرسى ياكى كىچىك بالا بىلەن بىللە بولسا، (سبحان اﷲ!) سىز ئۇ كىشىنىڭ اﷲ تەالى غا ئاسىي بولمايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز.

ئاخىرىدا، اﷲ تەالى نىڭ قەلبلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەيىبلىرىمىزنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. اﷲ تەالى دىن مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىشىنى سورايمەن.

اﷲ نىڭ رەھمىتى، سالامى ۋە بەرىكەتلىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

# 6- دەرس

# يامان ئىش قىلىپ سالسىڭىز، ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرۈڭ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

## يامان ئىش قىلىپ سالسىڭىز، ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرۈڭ

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ۋەسىيەت قىلىپ: «قەيەردە بولساڭ، اللە تىن قورقىن ۋە بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن، ئۇ ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ. كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن.»[2] دېدى.

بىز بۇ ھەدىسنىڭ «بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭغا

---

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

[2] تىرمىزى، ئەھمەد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن، ئۇ ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ» دېگەن بۆلىكىنى سۆزلەيمىز.

گۇناھ - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا، سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى شۇئارىڭىز ھەمدە ھاياتىڭىزدىكى، يولىڭىزدىكى ۋە دىنىڭىزدىكى پروگراممىڭىز دەرھال تائەت - ئىبادەتلەرنىڭ بىر قانچە تۈرلىرىنى قىلىشقا ئالدىراش بولسۇن!

اللّٰه ئەززە ۋە جەللە ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن [1]. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ» [2]. دېمەك، ياخشىلىقلارنىڭ يامانلىقلارنى يۇيۇشى اللّٰه ئەززە ۋە جەللە نىڭ رەھمىتىنىڭ قاتارىدىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بىز بىرەر گۇناھنى قىلىپ سالغان ۋاقىتتا تۇتىدىغان نۇرغۇن يول ۋە ۋاستىلەرنى ئىنئام قىلدى. شەيتانىنىڭ بەزى كىشىلەرگە قانداق ھىيلە - مىكىر قىلغانلىقىغا قاراڭ! اللّٰه تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِلْإِنسَانِ خَذُولاً﴾

---

[1] بۇ يەردە پەرز نامازلاردىن بامدات، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدىن ئىبارەت.

[2] سۈرە ھۇد 114- ئايەت.

«شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ»①. يەنى شەيتان، ئىنساننى تائەت، ئىبادەت ۋە تەۋبىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، مانا بۇ شەيتاننىڭ مەقستى.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوّاً﴾ «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار»② . سىلەر شەيتاننى دۈشمەن تۇتۇڭلار! ئۇنى دوست، ھەمسۆھبەت ۋە سىرداش قىلىۋالماڭلار! ئەگەر ئىنسان شەيتاننى ئۆزىگە دائىم ھەمراھ تۇتسا، شەيتاننىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلماي، ئاڭلاپ ئىتائەت قىلسا، شەيتاننىڭ ئۇ كىشىگە قىلغان بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇ ئىنساننىڭ بۇ قىلمىشلىرى شەيتان ئالدىدىكى تەبئىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. الله تعالى شەيتاننىڭ تەبئىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفاً﴾ «شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر»③. شەيتاننىڭ تەدبىرى ئاجىز. لېكىن بەزى كىشىلەر بىرەر گۇناھنى قىلسا، شۇ گۇناھتا داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ كىشىگە: «گۇناھ قىلىپ سالغان بولسىڭىز، كەينىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭ» دېيىلسە، ئۇ: «مەن ھازىر گۇناھ قىلغان تۇرسام، ياخشى ئەمەللەرنى قانداقمۇ قىلالاي؟» دەيدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ

① سۈرە فۇرقان 29- ئايەت.

② سۈرە فاتىر 6- ئايەت.

③ سۈرە نىسا 76- ئايەت.

كىشىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن توسۇۋاتقان ئامىل نېمە؟ سىز بۇ ئىنساننىڭ گۇناھلارغا چۆشۈپ قالغانلىق سەۋەبلىك تائەت - ئىبادەتلەردىن ئۆزىنى مەھرۇم قويىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. بۇ شەيتاننىڭ مۇشۇ ئىنسان ئۈچۈن قىلغان ھىيلە - مىكرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مەن تاھارەت ئالغانغا ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن كۆڭلىدە ھېچ نەرسىنى پەيدا قىلماي (يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ.»[1]

مەسىلەن، ئىنسان ھارامغا قاراش، ھارامنى سۆزلەش، يالغان ئېيتىش ۋە غەيۋەت قىلىشتەك بىرەر گۇناھقا چۈشۈپ قالسا، ئۇ ئىنسان دەرھال تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. گاھىدا ئۇ كىشى: «بەلكىم مەن بىر مەزگىلدىن كېيىن، بۇ گۇناھقا يەنە چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن» دېسە، بىز ئۇ كىشىگە: «سىز ھازىر الله قا تەۋبە قىلىڭ! بەلكىم سىز تەۋبە قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈم كېلىپ، الله تعالى غا تەۋبە قىلغان ھالەتتە ئۇچرىششىڭىز مۇمكىن» دەيمىز. مەسىلەن، سىز بەلكىم ماشىنا ھادىسىسى ياكى يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات تېپىشىڭىز مۇمكىن، سىز بۇنى بىلمەيسىز! لېكىن شەيتان ئىنساننىڭ گۇناھ - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبلىك بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى چىقىرىپ، ئۇنى تائەت - ئىبادەتلەردىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. سىز بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

نامازدىن مەھرۇم قويغانلىقنى ئۇچرىتىسىز. ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ناماز ئوقۇمايسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە: «قېرىندىشىم، مەن زىنا قىلىپ تۇرۇپ، ناماز ئوقۇسام قانداق بولىدۇ!؟» دەيدۇ. مانا بۇ كۆپىنچە ياشلاردىكى قىينچىلىق بولۇپ، ئۇلارمۇ ھەم: «مەن زىنا قىلىپ تۇرۇپ، ناماز ئوقۇسام قانداق بولىدۇ!؟» دەيدۇ. مەسىلەن، ئىككى كىشى بولۇپ، بىرى، زىنا قىلغان ئەمما ناماز ئوقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن؛ يەنە بىرى، ناماز ئوقۇماي زىنا قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ اللّٰه تعالى نىڭ ھۇزۇرىدا ئەلۋەتتە زىنا قىلغان ئەمما ناماز ئوقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، ناماز ئوقۇماي زىنا قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىدىن ئەۋزەلدۇر. بەزى ئۆلىمالار: «ناماز ئوقۇماي زىنا قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، كافىر ھالىتىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

يول ۋە ۋاستىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىنىڭ قاتارىدىن: ئەگەر سىز گۇناھ - مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغان ۋاقتىتا شەيتاننى مەغلۇپ قىلىپ، ھالاك قىلىشنى ئويلىسىڭىز، سىزنىڭ نۇرغۇن تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشىڭىز زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى ‹سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ› ① نى يۈز قېتىم دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك گۇناھلىرى بولسىمۇ، مەغفىرەت قىلىنىدۇ»② دېدى. دېڭىزنىڭ كۆپۈكىنى اللّٰه تعالى دىن باشقا ھېچكىم ساناپ بولالمايدۇ. سىز گۇناھ قىلغان ۋاقىتتا «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ» نى يۈز قېتىم دېسىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن «أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ» نى يۈز قېتىم دېسىڭىز ۋە سىزگە ئاسان بولغان نەرسىدىن ئازغىنە بولسىمۇ

---

① سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ : اللّٰه تعالى نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. اللّٰه تعالى نى مەدھىيىلەيمەن.

② تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سەدىقە قىلسىڭىز، ئەجىبا گۇناھلىرىڭىز كەچۈرۈلمەسمۇ؟! چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەدىقە اللە تعالى نىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى①.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، سىز ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسىز ۋە قۇرئان كەرىمدىن بىر قانچە بەت ئوقۇيسىز. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر ھەرپكە ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ. سىلەر قۇرئان كەرىمدىن ھەر قېتىم بىر بەت ئوقۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! مەن بىر بەتنى «ئىككى يۈز ھەرپتىن ئاز ئەمەس» دەپ ئويلايمەن. يەنە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! ھەر بىر ھەرپ ئون ياخشىلىقتىن بولسا، جەمئىي قانچە بولىدۇ؟ ئىككى مىڭ ياخشىلىق بولىدۇ. دېمەك سىز گۇناھ قىلغاندىن كېيىن، اللە تعالى نىڭ ئىزنى بىلەن نۇرغۇن تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىپ، اللە تعالى غا ئۆزىڭىزنىڭ ئىخلاسمەنلىكىڭىزنى كۆرسەتكەن ۋاقتىڭىزدا اللە تعالى سىزنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر: «مەن ئاجىز» دەيدۇ. ماقۇل، سىز گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ ئالدىدا ئاجىزكەنسىز، ئۇنداقتا نېمىشقا كۈچلۈك بولۇشقا تىرىشمايسىز؟ نېمىشقا اللە تعالى غا ئىتائەت قىلىشتا ئاجىزلىق قىلىسىز؟ بۇنداق ئاجىزلىق قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس. ئۇ كىشىنىڭ سىزگە: «مەن ئاجىز، نەپسىمگە قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالمايمەن، ھىممەت - ئىرادەم يوق، گۇناھ - مەئسىيەت قىلماي، سەۋر قىلىشقا قادىر بولالمايمەن، گۇناھ - مەئسىيەت قىلىپ سالىمەن!» دېيىشى توغرا ئەمەس، بۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى. (بۇنداق ۋاقىتتا، بىز ئۇنىڭغا): «سىز نېمىشقا كۈچلۈك بولالمايسىز؟ ئەجىبا رەسۇلۇللاھ ﷺ: <كۈچلۈك مۆئمىن، ئاجىز

① تىرمىزى رىۋايىتى.

مۆئمىنغا قارىغاندا اﷲ تەالى ئۇچۇن ياخشى ۋە سۆيۈملۈكرەكتۇر > [1] دېمىگەنمىدى » دەيمىز.

دېمەك، بىرەر گۇناھ ياكى مەئسىيەتلەرنى قىلىپ سالغان ۋاقىتتا، بىر ئەمەس، بەلكى كۆپ تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا ئالدىراش سىزنىڭ بۇ ھاياتتىكى شۇئارىڭىز، پروگراممىڭىز ۋە يولىڭىز بولسۇن. ئۇمىدكى، اﷲ تەالى ئۆز رەھمىتى ۋە سېخىيلىقى بىلەن سىزنى ئەپۇ قىلىپ، گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرىدۇ ۋە سىز ھاياتىڭىزنى يېڭىلايسىز. شۇ ئاساستا اﷲ تەالى ئۆز ئىزنى بىلەن سىزنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا ۋە تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. اﷲ تەالى نىڭ سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغان ۋاقتىڭىزدا سىز: «مەن مۇناپىق بولۇپ قالدىم!» دېمەك. يەنى «مەن زىنا قىلىپ، ئوغرىلىق قىلىپ، ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇسام قانداق بولىدۇ؟!» دېمەك. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى. قاراڭ! شەيتان سىزگە ۋەسۋەسە قىلىپ: «سەن ھازىر گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ يەنە ياخشى ئەمەلنى قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ بۇ نىفاقلىق!» دەيدۇ. مانا بۇ شەيتاندىن. شەيتان سىزنى ھەرخىل يول ۋە ۋاستە بىلەن تائەت - ئىبادەتتىن مەھرۇم قويۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. مۇھىمى، ئۇ سىزنى تائەت - ئىبادەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. سىز شەيتاننىڭ مۇنداق ھىيلە - مىكىرلىرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ! سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەپسىدە ئاجىزلىق، سۇسلۇق ۋە كەمچىلىكنى تاپقاندا، اﷲ تەالى غا ئىلتىجا قىلىڭ! مانا بۇ — تەقۋادارلارنىڭ سۈپىتىدۇر. بۇ ھەقتە

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللهنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللهتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ»[1]. مۇئمىن گۇناھ - مەئسىيەت ئۈستىدە داۋاملاشمايدۇ. ئىنسان گۇناھ -مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا، الله تعالى غا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى كامىل ياخشىلىقتۇر. ئەمما گۇناھ - مەئسىيەتنىڭ ئۈستىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ ئۇنى قىلىۋېرىش مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس. بەلكى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى گۇناھ - مەئسىيەت قىلغاندا، الله تعالى غا تەۋبە قىلىشتۇر. ئەگەر سىز: «بەش ~ ئالتە ئايدىن كېيىن مەن مۇشۇ گۇناھنى يەنە قىلىپ سالىمەن!» دېسىڭىز، مەن ئېيتىمەنكى: «سىز ھازىر الله تعالى غا تەۋبە قىلىڭ! سىز بىلمەيسىز، ئۈمىدكى، الله تعالى سىزنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە سىزنىڭ قەلبىڭىزگە بۇ گۇناھنى يامان كۆرسىتىشى مۇمكىن.»

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللهتىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

[1] سۈرە ئال ئىمران 135- ئايەت.

# 7- دەرس

# ھەسەت قىلىش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم! ئەتراپىمىزدا بىر كېسەللىك بار، ئۇ كېسەللىك كۆپ قىسىم ياخشى كىشىلەر ۋە ئىسلاھ قىلغۇچىلاردا ھەمدە ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ۋە بىلىملىك - بىلىمسىزلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇ كېسەل چوڭ گۇناھ قاتارىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ بولسىمۇ ھەسەتتۇر.

ئۇنداقتا، ھەسەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

ھەسەت: ئىمام نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «ياخشىلار

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

باغچىسى» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك «نېئمەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر». يەنى مەيلى دىنىي نېئمەت بولسۇن ۋە ياكى دۇنياۋى نېئمەت بولسۇن، بۇ نېئمەتتىن قېرىنداشنىڭ ئايرىلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر.

الله تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا «الله تعالى نېئمەت ئاتا قىلغان كىشىلەرگە ھەسەت قىلىش يەھۇدىيلارنىڭ سۈپىتى» ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. دېمەك بۇ يەھۇدىيلارنىڭ سۈپىتى . بىز بۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇشىمىز كېرەك.

ئىبلىس ھەم ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تعالى غا ئاسىي بولغان تۇنجى گۇناھى ھەسەت بولدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر - بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆچمەنلىك قىلىشماڭلار، ئۆز - ئارا سىلە - رەھىمنى ئۈزمەڭلار، تەتۈر قاراشماڭلار ۋە الله نىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.»①

الله تعالى قۇرئان كەرىمدە مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا﴾ «دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن»②. يەنى ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ئۆچمەنلىك، ھەسەتنى پەيدا قىلمىغىن!

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② سۈرە ھەشر 10- ئايەت.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، ھەسەتنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك زىيانلىرى بار. بىرىنچى زىيىنى اللە تەالى نىڭ ھۆكۈمىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش. سىلەر ھەسەت قىلغۇچىنىڭ اللە تەالى نىڭ ھۆكۈمىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ يەنى «ئى رەببىم! سەن پالانىغا نېئمەتلەرنى بەردىڭ، ماڭا بەرمىدىڭ. نېمە ئۈچۈن پالانىغا بېرىپ، ماڭا بەرمەيسەن؟» دەپ، اللە تەالى نىڭ ئادىللىقىغا ۋە ھۆكۈملىرىگە تۆھمەت قىلىدۇ.

بىز تەستىقلايمىزكى، اللە تەالى ئەڭ ئادىل، ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچى، ئەڭ مېھرىبان ۋە ھەربىر ئىشنى ئۆزىنىڭ توغرا ئورنىغا قويغۇچى زاتتۇر. چۈنكى اللە تەالى نىڭ «الحكيم» دېگەن بىر ئىسىم سۈپىتى بار بولۇپ، اللە تەالى ھەربىر ئىشنى ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا قويغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر.

شۇنىڭدەك، ھەسەتنىڭ زىيانلىرىنىڭ قاتارىدىن، سىز ھەسەت قىلغۇچىنى دائىم غەم - قايغۇ ۋە قىينچىلىق ئىچىدە ئۇچرىتىسىز. ئەگەر ئۇ اللە تەالى نىڭ بىرەر كىشىگە دىنىي ۋە دۇنيالىق نېئمەتلەرنى بەرگەنلىكىنى كۆرسە، ئۇنىڭ روھى ھالىتىنىڭ جىددىيلىشىپ ۋە چارچىغانلىقىنى، ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ چىرايىدا ھەسەتنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. مەسىلەن، بىر كىشىگە كۆپ مال رىزىق ئېتىلگەنلىكى ياكى ھەدىيە ماشىنىلىرى كەلگەنلىكى ۋە ياكى بىر كىشىنىڭ گۈزەل، سالىھ ئايال بىلەن توي قىلغانلىق خەۋىرى ھەسەتخورغا يەتسە، اللە تەالى ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن نېئمەتلەرنى بۇ ھەسەتخورنىڭ يامان

كۆرۈپ، يۈزىنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ كۆزى ۋە چىرايىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشال بولمايدىغان، غەم - قايغۇلىرىغا غەم قىلمايدىغان ھەسەتخورلۇق سۈپىتىنى ئۇچرىتىسىز. ۋەھالەنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ كامىل مۇئمىنىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغا ھەم ئوخشاش ياخشى كۆرمىسە، ھەقىقىي مۆئمىن بولالمايدۇ» دېدى.[1]

سىز قانچىلىك سۆزلىسىڭىزمۇ ۋە ياكى قانچىلىك بىلىمىڭىز، چۇشەنچىڭىز، ئىبادىتىڭىز، ئىتائىتىڭىز، قۇرئاننى يادقا ئېلىشىڭىز، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشىڭىز بولۇپ كەتسىمۇ، لېكىن سىزدە «ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىڭىز ئۈچۈن ياخشى كۆرەلمەسلىك ياكى ئۇلارغا ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلالماسلىق» سۈپىتى بولسا، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە مەسىلە بار ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بىز سىزگە: «سىز ھازىرغىچىلىك ئىمانىڭىزنى مۇكەممەل قىلالماپسىز ۋە ئىمانىڭىز كەمتۈككەن» دەيمىز. ئەگەر سىز: «ئى جامائەت! مەن كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىمەن. قۇرئاننى يادقا ئالغان ئىمام، خاتىپ ۋە مەشھۇر كىشىمەن» دېسىڭىز، بىز سىزگە: «سىزنىڭ قانچىلىك ياخشى ئەمەللىرىڭىز بولۇپ كەتسۇن، ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغىمۇ ياخشى كۆرەلمىسىڭىز ۋە ئۆزىڭىز يامان كۆرگەن نەرسىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغىمۇ يامان كۆرەلمىسىڭىز، شەرىئەت تارازىسىغا ئاساسەن ‹ئىمانى كەمتۈك› دەپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قارىلىسىز» دەيمىز.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىز بىلەن قەلبىڭىز ئوتتۇرىسىدا كۈرەش قىلىشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز قەلبىڭىزدە ھازىرغىچىلىك مەيلى دىنىي ياكى دۇنيالىق نېئمەت بولسۇن، اللہ تعالى كىشىلەرگە بەرگەن شۇ نېئمەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرۈش سۇيىقەستنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلىسىز؟ سىز نەپسىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىپ، اللہ تعالى غا: «ئى رەببىم، پالانى كىشىگە مۇۋەپپەقىيەت، رىزقىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلىشىڭىز كېرەك. يەنى بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزغا اللہ تعالى نىڭ ئۆي، ئايال، خىزمەت ۋە ياخشى مائاش رىزىق قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۇل تاپقانلىقىنى ياكى قۇرئان يادلىغانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇ كىشى ئۈچۈن: «ئى رەببىم، ئۇنىڭغا مۇۋەپپىقىيەت، رىزقىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلىڭ. ئاندىن بۇ ۋاقىتتا سىز بىلەن شەيتان ۋە يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسىڭىز ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلىنىدۇ، ھەتتا سىز اللہ تعالى غا قەلبىڭىزدىن راستچىللىق ۋە ئىخلاسمەنلىكىنى كۆرسىتىپ: «ئى رەببىم، مەن قەلبىمنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن، قەلبىم بىلەن كۈرەش قىلىمەن!» دەڭ.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، سىز قەلبى دۇنياغا باغلانغان بارلىق كىشىلەرنىڭ شۇ دۇنيا ئۈچۈن غەم قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئەمما مال - دۇنياغا پەرۋا قىلمايدىغان كىشى ئۇ مال - دۇنيادىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ: «دۇنياغا قىزىقماسلىق قەلب ۋە بەدەننىڭ راھىتى» دېدى. قەلبى ئاخىرەتكە باغلانغان ئىنسان بۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارغا نەزەر سالمايدۇ، بەلكى كىشلەر ئۇچۇن بەرىكەت تىلەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ تىجارىتىگە الله تعالى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا ۋە ئالىي شەھىدلىك بىلەن رىزىقلاندۇرسا، ئۇ كىشىگە بەرىكەت تىلەيدۇ.

سىز ئۆز نەپسىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىڭ! نەپسىڭىزنى الله قا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئى رەببىم، مەن ئۆز نەپسىم بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمەن» دەپ ئۆز نەپسىڭىز بىلەن جەڭ قىلىڭ!

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن ئېيتىمەنكى، بۇ ھەسەتخورلۇق كېسىلى كەڭرى تارقالغان. ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بەدىنى ھەسەتتىن ئايرىلالمايدۇ، لېكىن كەرەملىك الله ئۇنى يوشۇرىدۇ، مەلئۇن شەيتان ئۇنى ئاشكارىلايدۇ».①

ھەسەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئېرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقان ئايالنى بىز دائىم ئۇچرىتىمىز. مەن سىلەرگە ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ھەقىقەتەن بۇ كېسەل ئاياللار ئارىسىدا بەك كۆپ تارقالغان. بىر ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ قېشىغا بارىدۇ ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆي سايمانلىرىنىڭ يېڭى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. يەنە بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇ ئۆينىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە

① ئىبنى تەيمىيەنىڭ «رسالة في أمراض القلوب وشفاؤها» كىتابى 18- بەت.

خۇشال بولىدۇ. بىز بۇنى «ھەسەت» دەيمىز.

ئەگەر مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزغا بالا - قازا، بەختسىزلىك، كېسەللىك ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن مۇسىبەت يەتكەنلىكنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا، كۆڭلىڭىزدە خۇشال بولسىڭىز، بىز بۇنىمۇ «ھەسەت» دەيمىز.

ئەگەر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغا اللە تعالى نىڭ نېئمەت ئاتا قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا، سىز غەمكىن ۋە بىئارام بولۇپ ھەسرەت چەكسىڭىز، بىز بۇنىمۇ «ھەسەت» دەيمىز.

سىز قەلبىڭىزدىن قاتتىق ھېساب ئېلىشىڭىز كېرەك. سىز قەلبىڭىزدە ھەسەت بار - يوقلۇقىغا قاراڭ! ئاندىن دائىم اللە تعالى غا: «ئى رەببىم، قەلبىمنى كېسەللەردىن، ھەسەتخورلۇقتىن، دۈشمەنلىكتىن ۋە يامان كۆرۈشتىن ساقلىغىن!» دەپ دۇئا قىلىڭ.

مەن سىلەرگە ئائىلىلەرنىڭ رىئاللىقىدا بولغان بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتەي. مەسىلەن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېرى بىلەن جېدەللىشىدىغان بىر ئايالنى ئۇچرىتىسىز. بۇ ئايال يەنە بىر ئايالنىڭ ئائىلە ھاياتىغا اللە تعالى مۇۋەپپىقىيەت ئاتا قىلغانلىقىنى ۋە ئېرى بىلەن بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋاقتىتا، ئۇنىڭ غەم چەككەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ ئايال بۇ ئايالغا ئۆزى بىلەن ئېرى ئوتتۇرىسىدا قىيىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ كەلسە، بۇ ئايال خۇشال

بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا سىز بۇ ئايالنىڭ خۇشاللىقتىن چىرايى ۋە روھى ھالىتىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ، خۇشاللىقنى ئاشكارە قىلغانلىقنى ئۇچرىتىسىز.

بىز ئېھتىيات قىلىشىمىز ۋە قەلبىمىزدىن ئىنچىكىلىك بىلەن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى مەن سىلەرگە ئېيتقاندەك، ھەسەت بولسا «اللّٰه تعالى نىڭ تەقدىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش» دەپ قارىلىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئەگەر سىز: «قەلبىمنى ھەسەتتىن قانداق پاكلايمەن؟» دەپ سورىسىڭىز، مەن ئېيتىمەنكى: «نەپسىڭىز بىلەن كۆرەش قىلىش ئارقىلىق پاكلايسىز ھەمدە ھەسەت قىلىنغان كىشىنىڭ مەنپەئەتى ۋە قەلبىڭىزنى ھەسەتتىن پاكلىشى ھەققىدە اللّٰه تعالى غا دۇئا قىلىڭ!»

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللّٰه تعالى دىن قەلبلىرىمىزنى ھەسەتتىن پاكلىشىنى، ماڭا ۋە سىلەرگە مەغفىرەت قىلىشىنى سورايمەن. اللّٰه نىڭ رەھمىتى، سالامى ۋە بەرىكىتى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلەرگە بولسۇن، ئامىن!

# 8- دەرس

# غەيۋەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

قەدىرلىك دوستلار، بىز ئەمدى بىر كېسەللىك توغرىسىدا سۆزلەيمىز. بۈگۈن بۇ خىل كېسەل — سالىھ كىشىلەرگە، ئىسلاھاتچىلارغا، ئەرلەرگە، ئاياللارغا، ئىلىم ئېلىۋاتقانلارغا، چوڭلارغا ۋە كىچىكلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك يۇقۇپ قالدى. سىز بۇ كېسەلنىڭ ھەر قانداق ئورۇندا كىشىلەرگە ھەمراھ بولىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز، ھەتتا الله تعالى نىڭ پەرزلىرىدىن بىرەر پەرزنى ئادا قىلىۋاتقاندا، ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولغان ھەج ئىبادىتىنى ۋە پەرز رامزاننى ئادا قىلىۋاتقان ھالەتتىمۇ ھەم بۇ

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

كېسەلنىڭ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. دېمەك، بۇ كېسەل كەڭ تارقالدى، كۆپ مۇسۇلمانلارغا يۇقتى. پەقەت الله رەھىم قىلغان كىشىلەرلا بۇ كېسەلدىن مۇستەسنا بولالىدى.

بۇ كېسەل نېمە؟ ئۇ — غەيۋەت.

ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېگەندە، ساھابىلەر: « الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «غەيۋەت دېگەن مۇسۇلمان قېرىندىشى يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى ئۇ يوق يەردە سۆزلەش» دەپ جاۋاپ بەردى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر بىز سۆزلىگەن ئىش ئەمەلىيەتتە شۇ قېرىندىشىمىزدا تېپىلسىچۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ ئىش شۇ قېرىندىشىڭدا تېپىلسا، غەيۋەت قىلغان بولىسەن، ئەگەر تېپىلمىسا، تۆھمەت قىلغان بولىسەن» دېدى.

كۆپىنچە كىشىلەر غەيۋەتكە سەل قارايدۇ ۋە غەيۋەتنى «ئاددىي ئىش» دەپ ئويلايدۇ. ھەتتا مەسىلە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقىمىز، غەيۋەتتىن ئۆزىمىزنى تارتالمايمىز.

قەدىرلىك دوستلار، ئەجىبا سىلەر غەيۋەتنىڭ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟! كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئېيتقىنىدەك، چوڭ گۇناھلارنى ناماز، روزا ئۆچۈرەلمەيدۇ. چوڭ گۇناھلارغا الله قا تەۋبە قىلىش لازىم بولىدۇ. يەنى الله تعالى نىڭ مەغفىرەت قىلىشى ئۈچۈن،

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان يامان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا قىلماسلىققا ئىرادە باغلاپ، اللّٰه تعالى غا سەممىي تەۋبە قىلىشى كېرەك.

بىز تۆۋەندە ئەمەلىي مىساللاردىن سۆزلەپ ئۆتىمىز. چۈنكى بەزى كىشىلەر سەل قاراپ، غەيۋەت قىلىۋېتىپ، يەنە سىزگە: «قېرىندىشىم، بۇ غەيۋەت ئەمەس!» دەيدۇ. بىلىڭكى، سىز بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: «پالانى بېخىل» دېسىڭىز، بۇ سۆزىڭىز غەيۋەت بولىدۇ. چۈنكى بۇ سۆزىڭىز رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «غەيۋەت دېگەن مۇسۇلمان قېرىندىشى يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى، ئۇ يوق يەردە سۆزلەش» دېگەن سۆزىگە چۈشىدۇ. ھەر بىر سۆزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ! مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزغا يېتىپ قالسا، قېرىندىشىڭىز يامان كۆرىدىغان ۋە بىئارام بولىدىغان ئىش — غەيۋەت دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. سىز: «پالانى قورقۇنچاق، پالانىنىڭ ئۇيقۇسى كۆپ، پالانىنىڭ تامىقى كۆپ، پالانى كىشىنى زېرىكتۈرىدۇ، پالانى بالىلىرىغا ئەدەپ ئۆگەتمىگەن، پالانى ئائىلىگە ئەدەپ ئۆگەتمىگەن، پالانىنىڭ يۈز - ئابرويى يوق» دېسىڭىز، غەيۋەت بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق سۆزلەر كىشىلەرنى كەمسىتىش قاتارىدىندۇر. ھەتتا بەزى ئۆلىمالار ئاجايىپ بىر ئىشنى تىلغا ئېلىپ: «بەزى كىشىلەر دۇئا يولى ئارقىلىقمۇ غەيۋەت قىلىدۇ» دەيدۇ. مەسىلەن، سىز بىرەيلەندىن: «پالانىنىڭ ئىشى قانداقراق؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ كىشى سىزگە: «ئاللاھ تائالادىن ئۇنى سالامەت قىلىشنى ۋە ئەپۇ قىلىشنى سورايمەن» دېسە، بەزى ئۆلىمالار بۇنى «غەيۋەت» دەپ ئاتىدى. ئۆلىمالار نېمە ئۈچۈن بۇنى

«غەيۋەت» دەيدۇ؟ چۈنكى سىز ئۇنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئەھۋالى سورالغان ھېلىقى كىشىدە «چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بىرەر مەسىلىنىڭ بارلىقى»نى بىلىپ قالدىڭىز. ھەتتا بەزى كىشىلەر: «پالانىنىڭ ئىشى قانداقراق؟» دەپ سورىسا، بۇنىڭغا جاۋابەن: «قېرىنداشىم، بىز غەيۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمىز، بىزنى قىستىماڭلار!» دېيىلسە، ئۆلىمالار بۇنىمۇ «غەيۋەت» دەپ ئاتىدى. شۇنداقلا «بىز بۇ كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمىز» دېگەننىمۇ «غەيۋەت» دەپ ئاتىدى.

گەرچە سىزنىڭ غەيۋەت قىلىپ سېلىشىڭىزنىڭ ئېھتىماللىقى بولغان تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئاگاھ بولۇڭ ۋە دىققەت قىلىڭ. ھەتتا يۈزدە بىر پىرسەنت ئېھتىماللىق بولسىمۇ تەرك ئېتىڭ! ئى قېرىنداشىم، غەيۋەت ياكى غەيۋەت ئەمەسلىكىدە ئىككىلەنگەن ئېھتىمالنىمۇ تەرك ئېتىڭ. ئەجەبا رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شەك بار ئىشنى قويۇپ، شەك يوق ئىشنى چىڭ تۇت»① دېمىگەنمىدى!؟ مەن بەزى ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدا مۇنداق مەزمۇنلارنى ئوقۇدۇم: «ئەگەر سەن <پالانى مىسكىن> دېسەڭ، ئۇ — غەيۋەتتۇر. چۈنكى ئۇ بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى مىسكىن دېيىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنداقلا <پالانى دەرۋىش> ۋە <پالانى ساددا> دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر».

① تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايىتى.

قەدىرلىك دوستلار، بىز غەيۋەتكە چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنداق سۆزلەردىن ھەرۋاقىت ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن ۋاقىتتا، تىرناقلىرى مىستىن بولغان بىر بۆلۈك كىشىلەرنى كۆردى. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇلار تىرناقلىرى بىلەن يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلايدۇ... رەسۇلۇللاھ ﷺ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن: «ئۇلار كىم؟ ئۇلارنىڭ جىنايىتى نېمە؟» دەپ سورىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يېگەن ۋە يۈز - ئابرويلىرىنى تۆككەن كىشىلەر» دەپ جاۋاپ بەردى. [1] دېمەك، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان كىشىنىڭ ئازابى شۇكى: ئۇلارنىڭ مىستىن تىرناقلىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ يۈزلىرىنى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلايدۇ. لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ...

اللّٰه تعالى مىسال قىلغان غەيۋەتخورنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا قاراڭ! اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ﴾ «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ① ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. اللە تىن قورقۇڭلار. اللە (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»②

ئۆلۈك قېرىندىشىڭىزنىڭ گۆشىنى يەۋاتقان ھالىتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! بۇ نېمىدېگەن قاباھەتلىك كۆرۈنۈش! شۇنىڭدەك، غەيۋەت قىلغان كىشى خۇددى ئۆلۈپ قالغان قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولىدۇ. اللە ساقلىسۇن!

شۇڭا بىز ھەتتا غەيۋەت سورۇنىدا ئولتۇرۇپ قېلىشتىنمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمىز! بەزىدە غەيۋەتنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىق سەۋەبلىك بۇ يامانلىققا چۈشۈپ قېلىۋاتىمىز.

بەزىلەر غەيۋەتنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا قېرىنداشلىرىغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىگە غەزەپ قىلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى بىر ياكى ئىككى ~ ئۈچ قېتىم شۇك تۇرىدۇ - دە، غەيۋەت شۇ سورۇندا داۋاملىشىپ، ئورۇنلىشىپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، «ھېچقىسى يوق» دەپ غەيۋەتنى ئاڭلاۋېرىدۇ. شۇڭا ئى قەدىرلىك دوستلار! غەيۋەت

---

① غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.

② سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەت.

سورۇنلىرىدىن دائىم ئېھتىيات قىلىشىمىز ۋە غەيۋەت سورۇنلىرىنى ياخشى تونۇۋېلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئاياللار سورۇنى! مەن ئاياللارنىمۇ ئاگاھلاندۇرىمەن. چۈنكى بۇ سۈپەت ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار ئوتتۇرىسىدا كۆپ تارقالغان. مەسىلەن، ئاياللار: «پالانى ئايال تالاق قىلىنىپتۇ، پوكۇنى ئايال مۇنداق قىلىنىپتۇ، ئۇنداق بوپتۇ...» دەپ ئاياللارنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆپ تىلغا ئالىدۇ ۋە غەيۋەتنى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ قىلىدۇ.

شۇڭا «ئىنساننىڭ ياخشىلىقلىرىنى يەپ كېتىدىغان» بۇ خەتەرلىك كېسەلدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم. سىز باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، تەۋبە قىلمىسىڭىز، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئېلىۋالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «الداء والدواء» (كېسەل ۋە شىپالىق) ناملىق كىتابىدا : «سىز زىنا - پاھىشە، ئوغرىلىق ۋە ھاراق ئىچىش... قاتارلىق كۆپ ھارام ئىشلاردىن ساقلانغان زاھىد، ئىبادەتگۆي بىر ئادەمنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن ئۇ كىشى غەيۋەتتىن ساقلانمايدۇ ۋە ئۆز تىلىنى باشقۇرۇشقا قادىر بولالماي، ھايات ۋە ئۆلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز» دەيدۇ. بۇنىڭغا كۆپلىگەن ئىبادەتگۆي ۋە سالىھ كىشىلەرمۇ چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇلار چوڭ گۇناھلارنى تەرك ئېتىدۇ، ئەلۋەتتە، غەيۋەتمۇ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئىدى، لېكىن غەيۋەتنى تەرك ئېتىشكە

قادىر بولالمايدۇ. دېمەك، غەيۋەت ئۇ كىشىدە ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىدا گەۋدىلىنىپ قالىدۇ.

سىز بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالسىڭىز، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل كېسەللىكتىن باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنسان باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تىلغا ئېلىشقا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ، بۇمۇ بىر خىل كېسەللىك. ئىنسان ھەرۋاقىت نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ تۇرۇشى لازىم. چۈنكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان سۆزلىمەكچى بولغاندا، بىرەر مەنپەئەت ياكى ھاجىتى بولمىسا، باشقىلار ھەققىدە سۆز قىلىشتىن تىلىنى يىغسۇن. بىز بۇ مەنپەئەتنى كەڭرى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالىمايمىز. بۇنى كەڭرى بايان قىلماسلىقتا مەنپەئەت ۋە ئېھتىياج بارمۇ؟ شۇنداق، بار. سىز پاسىق ۋە گۇناھكار كىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ! سىز بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىشنى ئىرادە قىلغۋاتقان كىشى توغرىسىدا سورالسىڭىز، مەسىلەن: «پالانىغا پىكرىڭىز قانداق ؟ يەنى ئۇ كىشى ھازىر سىزنىڭ سىڭلىڭىز ياكى قىزىڭىزغا ئۆيلىنىشنى ئىرادە قىلغۋاتىدۇ» دېسە، سىز: «مەن ئۇ كىشىنى <مۇنداق - مۇنداق...> كىشى دەپ تونۇيمەن» دېگىنىڭىزگە ئوخشاش ھاجەت ۋە مەنپەئەت تۈپەيلىدىن بولسا جايىز، ئەمما ھاجەت ۋە مەنپەئەت بولمىسا، كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىنى سۆزلەش جائىز بولمايدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن تىللىرىمىزنى غەيۋەتتىن پاكلىشنى سورايمەن ھەمدە ئۆزۈمگە ۋە سىلەرگە اللە تعالى دىن مەغفىرەت تىلەيمەن!

# 9- دەرس

# سالامنى ئاشكارا قىلىش

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ئارىمىزدا سالامنى ئاشكارا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلدى. سالامنى ئاشكارا قىلىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئەسىردە بىز مۇسۇلمانلار دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىشىشكە نەقەدەر مۇھتاج - ھە!

ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆز - ئارا دوستلاشمىغۇچە مۆئمىن بولالمايسىلەر. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭلار، ئۆز - ئارا دوست بولىدىغان ئەمەلگە باشلاپ قويايمۇ؟

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار.»

ئۇنداقتا، بۈگۈن بىز سالامنى ئاشكارا قىلىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشەيلى. سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺدىن ئىسلامدىكى خىسلەتلەرنىڭ ئەۋزىلى توغرۇلۇق سورىلىپ: «ئىسلامدىكى ئەۋزەل ئەمەل قايسى؟» دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاچ قالغان كىشىگە تائام بېرىش ھەمدە تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام بېرىش» دېدى.[1]

ئى قەدىرلىك دوستلار، ھازىر بىزدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلە پەقەت تونۇغان كىشىلەرگىلا سالام قىلىمىز. مەسىلەن، دوكتۇر ئۆز تەبىقىسىدىكى دوكتۇرغا سالام قىلىدۇ. ئەمما كەمبەغەل، مىسكىن ئائىلە خىزمەتچىسىگە ئوخشاش بىر ئادەمنى ئۇچراتسا، ئۇ دوكتۇر: «مېنىڭ شاھادەتنامەم بار، مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا سالام قىلغۇدەكمەن؟ ئۇ ماڭا سالام قىلىشى كېرەك!» دەپ، ئۇلارغا سالام قىلمايدۇ. بىرەر مۇدىر ياكى مىنىستىر بولسا، پەقەت ئۆز تەبىقىسىدىكى ياكى ئۆز شەھرىدىكى كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ، ئەمما مىڭ ئەپسۇس، بەزى ئىشلەمچىلەرنى ھەتتا اللە تعالى نىڭ مەسجىدلىرىدە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ ۋە سالام قىلمايدۇ. لېكىن بۇ يۇقىرى نوپۇزلۇق شەخس شۇ شەھەر ئەھلىدىن بولسا ياكى شۇ شەھەر ئەھلىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ۋە ياكى شۇ قەبىلىدىن بولسا، ھەممە كىشىلەرنىڭ شۇ شەخسكە سالام قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. بۇ بىز تاشلىشىمىز كېرەك بولغان ئىجتىمائىي كېسەللىك.

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بىز پەقەت تونۇغان كىشىلەرگە سالام قىلىمىز. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش، تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت يامان ئىللەتتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى تۆۋەن كۆرۈشى يېتەرلىك يامانلىقتۇر.» ①

مەسىلەن بەزى كىشىلەر بىرەر شەخسنى ھەتتا مەسجىدتە كۆرسىمۇ، ئۇ شەخسنىڭ تەقى - تۇرقى، كىيىمى ۋە كۆرۈنۈشى ئادەتتىكىچە بولسا، ئۇنىڭغا سالام قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىشى شۇ شەھەر ئەھلىدىن ياكى ئۇ تونۇيدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭغا سالام قىلىدۇ، ئەمما سول تەرىپىدىكى كىشىگە سالام قىلمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ئۇنى تونۇمايدۇ ياكى كىيىمى ئادەتتىكىچە. مانا بۇ — مەن ئېيتقان بىزدىكى ئىجتىمائىي كېسەللىك.

بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ ﷺ ئولتۇراتتى. بىر ئادەم كىرىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلدى ۋە ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئون ساۋاب» دېدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كىرىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دەپ سالام قىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يىگىرمە ساۋاب» دېدى. ئۈچىنچى ئادەم كىرىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ» دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئوتتۇز ساۋاب» دېدى. ② شۇنىڭ ئۈچۈن، سالامنى كامىل قىلىشقا ئۆزۈۋېلارنى ئادەتلەندۈرۈۋېلار. بەزى كىشىلەر بىرەر سورۇنغا كىرسە ياكى تېلېفوندا پەقەت «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قىسقىلا سالام قىلىپ، ئەجىردىن

① مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. ئى قېرىندىشىم، الله سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ» دەپ سالامنى كامىل قىلىڭ! ھەتتا «ئوتتۇز ساۋاب»نى تولۇق ئېلىڭ! بىر ياخشىلىققا ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئون ساۋاب يېزىلسا، ئاندىن جەمئىي ئاز دېگەندە 300 ساۋاب بولىدۇ. الله تعالى يەنە خالىغان كىشىگە ھەسسىلەپ بېرىدۇ. پەقەت «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» بىلەن ئۆزىڭىزنى ئەجىردىن مەھرۇم قويماي، بەلكى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ» دەپ ئۆزىڭىزنى بۇنىڭغا دائىم ئادەتلەندۈرۈڭ. ھەتتا تىلىڭىزغا باغلىنىپ كەتسۇن.

بەزى ھەدىسلەردە كەلگىنىدەك، ئىنسان بىرەر سورۇندىن ئايرىلغان ۋاقتىمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ» دېيىشى ھەم سۈننەتنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر سورۇندىن ئايرىلغان ۋاقتىتا «في أمان الله» (يەنى الله قا ئامانەت)، «مع السلامة» (يەنى خەير - خوش) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز شەھرىدە ئادەتلەنگەن سۆزلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. بىز دەيمىزكى، ئۇنداق دېيىش سۈننەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغىنى — بىرەر سورۇندىن ئايرىلغان ياكى تېلېفوندا قارشى تەرەپ بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىڭىزدا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ» دېيىشىڭىزدۇر. سىز ئۆزىڭىزنى «بەرەكاتۇھ» دېگەن كەلىمىگە ئادەتلەندۈرۈڭ. بىز چوقۇم سالامنى ئاشكارا قىلىشىمىز لازىم.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىنتايىن كەمتەر كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ زېمىن يۈزىدىكى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى تۇرۇقلۇق ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقاندەك، كىچىك باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا سالام قىلاتتى. بەزى كىشىلەر ئويناۋاتقان باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ ۋە سالام قىلمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر باللىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسا، دادىسىغا سالام قىلىدۇ، ئەمما كىچىك باللىرىغا سالام قىلمايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، بەلكى سۈننەتكە خىلاپ! كىچىكلەرگىمۇ سالام قىلىش رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ يولىدۇر.

قەدىرلىك دوستلار، بىز سالامنى ئاشكارا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇ — مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى - ئۇچراشقان ۋاقىتتا سالام قىلىش»[1]، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇچراشقاندا سالامنى بالدۇر قىلغان كىشى ئىككى كىشىنىڭ ياخشىسىدۇر.[2]

سىزنىڭ سالامنى دائىم باشقىلاردىن بالدۇر قىلغانلىقىڭىز سىزنىڭ كەمتەر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. كىشىلەرنى قارشى ئېلىش ۋە كۆرۈشكەنگە خۇرسەن بولۇش يۈزىسىدىن سالامنى بالدۇر قىلغانلىقىڭىز سىزنىڭ كەڭ قورساق ۋە كەمتەر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز - ئارا سالامغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئارىمىزدا سالامنى

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ئاشكارا قىلىشىمىز لازىم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازارغا پەقەت باشقىلارغا سالام قىلىش ئۈچۈن باراتتى، چۈنكى سالام قىلىشتا چوڭ ساۋاب بار ۋە الله تعالى سالامنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 10- دەرس

# دۇئالار

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، يېگانە بولۇپ، شېرىكىنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ﷺنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك، ئەگەر بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاياتىغا نەزەر سالساق، بۇ ئالىيجاناب پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىدا كۆپ ئاجايىباتلارنى ئۇچرىتىمىز ھەمدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەلبى، پىكرى، ئەقلى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىنىڭ ھەممىسى كېچە - كۈندۈز الله تعالى غا باغلانغانلىقىنى كۆرىمىز. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ دەل ئەكسىچە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا بوش ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، بىز ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇۋاتقان دۇئالارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىزگە بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. كىمكى بۇ دۇئالارغا ئەمەل قىلىپ، ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلىسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىدە بىر قۇۋۋەتنى، ساباتلىقنى ۋە شىجائەتنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇخلاشنىڭ

---

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

ئالدىدا، ئۆيىقۇدىن ئويغانغاندا، تائامدىن ئىلگىرى، تائامدىن كېيىن، ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىن چىققاندا، مەسجىدكە كىرگەندە، مەسجىدتىن چىققاندا، ھاجەتخانىغا كىرگەندە، ھاجەتخانىدىن چىققاندا، غەم - قايغۇغا قالغاندا ۋە مۇسىبەت يەتكەندە، ھەتتا ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشتىن بۇرۇن... (سبحان الله!) يەنى مۇسۇلماننىڭ ئومۇمىي ھاياتىدىكى دۇئالىرىنى بىزلەرگە بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇممەتنى تەربىيلەيدۇ. بۇ ئۇممەت ھەرۋاقىت، ھەتتا ئايالى بىلەن بىرگە بولغاندىمۇ، الله تعالى نى ئەسلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئايالىمىز بىلەن بىرگە بولغاندا نېمە دەيدىغانلىقىمىزنى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ بىزگە تەلىم بەرگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەگەر بىرىڭلار ئەھلىگە كېلىشنى ئىرادە قىلغان بولسا ‹بِاسْمِ اللَّهِ ، اللَّهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ ، وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا› (تەرجىمىسى: ‹الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئى الله، شەيتاننى بىزدىن يىراق قىلغىن ۋە بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پەرزەنتتىن يىراق قىلغىن!›) دېسە، ئىككەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا بالا تەقدىر قىلىنسا، شەيتان بالىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە ئىگە بولالمايدۇ» دېدى.[1]

ئىنساننىڭ شەھۋىتىدىن بۇرۇنقى بۇ دۇئاسىغا قاراڭ! ئىسلام نېمىدېگەن بۈيۈك - ھە! ئىسلام سىزنى ھەتتا شەھۋەت ۋاقتىدىمۇ رەببىڭىزگە باغلاپ تۇرىدۇ.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ھەتتا غەم - قايغۇغا قالغاندا ئوقۇلىدىغان «اللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ...» دېگەن دۇئانى بايان قىلىپ بەردى. ئىنسان غەم - قايغۇغا دۇچ كەلگەندە ۋە مۇسىبەتلەنگەن ۋاقىتتا، غەربلىكلەرگە ئوخشاش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمايدۇ، بەلكى ئىنسان زىياننى كۆتۈرۈۋېتىدىغان زات تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. زىياننى كىم كۆتۈرۈۋېتەلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان رەببىمىز الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا كۆتۈرۈۋېتەلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ دۇئانى بايان قىلىپ بەردى. بۇ دۇئا ھەممىگە تونۇشلۇق، مەشھۇر دۇئا: «اللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ ، وَابْنُ عَبْدِكَ ، وَابْنُ أَمَتِكَ، نَاصِيَتِي بِيَدِكَ ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ، أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي ، وَنُورَ صَدْرِي ، وَ.جَلاءَ حُزْنِي ، وَذَهَابَ هَمِّي » (تەرجىمىسى: «ئى الله، مەن سېنىڭ بەندەڭ ھەمدە بەندەڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭ كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سېنىڭ ھۆكۈمۈڭ ماڭا ئۆتكۈچىدۇر، ھەققىمدە چىقارغان ھۆكۈمۈڭ مۇتلەق ئادىلدۇر، سەن كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى مەخلۇقلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئىلمى غەيبىڭ قاتارىدا ساقلاشنى ئىرادە قىلغان، قىسقىسى، سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان ۋە ساڭا مەنسۇپ بولغان بارلىق ئىسىملىرىڭ بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى يۈرىكىمنىڭ باھارى، دىلىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى كۆتۈرگۈچى

ۋە غېمىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىپ بەرگىن.»)①

شۇڭا مەن ھەجمى كىچىك، لېكىن پايدىسى كۆپ بولغان «حصن المسلم» دېگەن كىتابنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ يانچۇقىدا، ماشىنىسىدا ۋە ياتاق ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىرگە بولۇشىغا ۋەسىيەت قىلىمەن. بۇ كىتابتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇئالىرىدىن كۆپ قىسمى بار.

سىز بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ سىزگە ئوقۇلىدىغان دۇئانى بايان قىلىپ بەردى. يەنى «مۇسۇلمان كىشىگە بىرەر مۇسىبەت يەتسە...» مۇسىبەت چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ماشىنا ھادىسىسى بولسۇن، كېسەل بولسۇن، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ياكى روھىي مۇشكىلات بولسۇن، سىز مۇسىبەتلەنگەن ۋاقتىتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلىپ بەرگەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيسىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان كىشىگە بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ: ‹إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيهِ رَاجِعُونَ، اللَّهُمَّ أَجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي، وَأَخْلِفْ لِي خَيراً مِنْهَا› (تەرجىمىسى: ‹بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى الله، ماڭا كەلگەن بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگىن، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى تولۇقلاپ بەرگىن!›) دېسە، الله تعالى ئورنىغا تېخىمۇ ياخشىسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ.»② بۇ راست سۆزلىگۈچى ۋە راستچىل دەپ تەستىقلانغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزى.

---

① ئەھمەد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

قەدىرلىك دوستلار، مەن ئېيتىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنى «دائىم ئۆز رەببىگە باغلىنىش»قا تەربىيىلەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مېۋىسى نېمە؟ نەتىجىسى نېمە؟ ئىنسان ھەقىقەتەن دائىم ئۆز رەببىگە باغلانغان ۋاقىتتا ئىنسان ۋە جىندىن بولغان شەيتانلار بۇ ئىنساننى ئازدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ.

بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ لَيْسَ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ۞ إِنَّمَا سُلْطَانُهُ﴾«شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا ھەقىقىي يۆلەنگەن مۆمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ).[99] شەيتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى...» — يەنى شەيتاننىڭ تەسىرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى، — ﴿إِنَّمَا سُلْطَانُهُ عَلَى الَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُ وَالَّذِينَ هُمْ بِهِ مُشْرِكُونَ﴾ «شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.[100]»①

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾ «كىمكى الله قا تەۋەككۈل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.»②

① سۈرە نەھل 99-100- ئايەت.

② سۈرە تەلاق 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نەتىجە شۇكى، ئىنسان دائىم ئەتىگەنلىك زىكرىلەر، كەچلىك زىكرىلەر، ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى زىكرىلەر، شۇنداقلا ھەممە ئەھۋال ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردىكى زىكرىلەرنى ئوقۇيدۇ. ھەتتا ئەگەر سىز قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدىن قانداق بىر يەرگە بارسىڭىز، سەپەر قىلسىڭىز، مېھمانخانىدا ئولتۇرسىڭىز ياكى راھەتلىنىپ ئۇخلاشنى ئىرادە قىلسىڭىز ۋە ياكى بىرەر شەخسنى زىيارەت قىلىشنى ئىرادە قىلسىڭىز رەسۇلۇللاھ ﷺ سىزگە ئېيتىپ بەرگەن دۇئالارنى ئوقۇڭ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى بىرەر مەنزىلگە چۈشۈپ: ‹أَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ› ( تەرجىمىسى: ‹الله نىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرى بىلەن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن› دېسە، ئۇ كىشى ئاشۇ ئورۇندىن يۆتكەلگەنگە قەدەر ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دەيدۇ.①

بەزى ئۆلىمالار: «سىز ئايروپىلانغا چىقىپ، قايسى بىر ئورۇنغا چۈشسىڭىز مۇشۇ دۇئانى ئوقۇڭ» دەيدۇ. بولۇپمۇ، ئاياللار بۇ دۇئانى ئوقۇپ تۇرۇشقا نەقەدەر مۇھتاج - ھە! چۈنكى، ئۇلار ئۆز - ئارا يوقلاشقاندا، مۇناسىۋەتلەردە ياكى خۇشاللىق ۋاقىتلاردا، ھەسەت، ئاداۋەت ۋە كۆز تېگىش كۆپ يۈز بېرىدۇ.

ئىنسان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۇقىرىقى دۇئالىرى بىلەن قوغدىنىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان بەختلىك، خاتىرجەم ۋە سائادەت ئىچىدە ياشىشى ئۈچۈن بۇ دۇئالارنى يادلىشى زۆرۈر.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن. الله

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

نىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئەسھابلىرىغا بولسۇن!

# 11- دەرس

# كۆندىلىك سۈننەتلەر

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[1].

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، «بەندە ئۆز رەببىنى سەممىي ياخشى كۆرۈش» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەمدە ئىنسان ئۆز رەببى الله تعالى نى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ھەققىدە، الله تعالى بىزگە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1].

ئۇنداقتا، بىز بۇ ئۇچرىشىشىمىزدا، الله خالىسا «كۈندىلىك سۈننەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش» توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتىمىز. ئادەتتە، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن سۈننەتلەر بار بولۇپ، سىز كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ سۈننەتلەرگە سەل قارىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. بىر بەندىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشكەنلىكى، ئۇ بەندىنىڭ الله تعالى نى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. سىزنىڭ الله تعالى نىڭ ھۇزۇرىدىكى ئورنىڭىز: سىزنىڭ سۈننەتلەرنى قانچىلىك تەتبىقلىغانلىقىڭىزغا ئاساسەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىنى ھاياتىڭىزغا قانچە كۆپ تەتبىقلىسىڭىز، سىزنىڭ الله تعالى نىڭ ھۇزۇرىدىكى مەرتىۋىڭىز ۋە قەدىر - قىممىتىڭىز شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

سۈننەت ئىش - ھەرىكەتتە ھەم سۆزلەردە بولىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! بىر ئىنسان ئەتىگەندىن - كەچكىچە، ئۆز نەپسىنى مۇشۇ سۈننەتلەرنى ئۆزىگە تەتبىقلاش ئاساسىدا تەربىيىلىسە، ئۇنىڭ بارلىق ھاياتى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى ئۈستىدە بولىدۇ. مەسىلەن: بىز مىسۋاك ئىشلىتىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. كىشىلەردىن ھەيرانمەن، «سبحان الله!» ئەگەر ئۇلارغا: «كىمكى سۈننەتلەردىن بىر سۈننەتنى ئۆزىگە تەتبىقلىسا، بىز ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان مال - دۇنيا بېرىمىز» دېيىلسە، سىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ سۈننەتنى ئۆزىگە

[1] ئال ئىمران 31- ئايەت.

تەتبىقلاشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مال، دىنار ۋە دىرھەمنىڭ قىممىتى كاتتا. لېكىن ياخشىلىقنىڭ قىممىتىچۇ؟ «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ!».

مەسىلەن، مىسۋاك ئىشلىتىش سۈننەت. مۇسۇلمان بىر كېچە - كۈندۈزدە قانچە قېتىم مىسۋاك قىلىدۇ؟ يىگىرمە قېتىمدىن ئاز ئەمەس. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۈممىتىمگە مۇشەققەت بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى ھەر بىر نامازدا ئەلۋەتتە مىسۋاك قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم» دېدى.① رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيگە كىرگەن ۋاقىتتا، تۇنجى ئىشى مىسۋاك قىلىش ئىدى. بۇ ھەقتە سەھىھ مۇسلىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى كەلگەن.

تەسەۋۋۇر قىلىڭ! ئەگەر سىز بەش ۋاق ناماز ئوقۇسىڭىز، بەش ۋاق نامازدا بەش قېتىم مىسۋاك قىلىسىز. شۇنىڭغا ئوخشاش تەرتىپلەنگەن سۈننەتلەردە (يەنى پەرز نامازنىڭ سۈننەتلىرىدە) ئالتە قېتىم مىسۋاك قىلىسىز، جەمئىي 11 قېتىم بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئىنسان بىر كېچە - كۈندۈزدە ئۆيگە كىرىدۇ. يەنى مەسجىدتىن پەرز نامازدىن قايتىپ ئۆيگە كىرسە، تۆت - بەش قېتىم مىسۋاك قىلىدۇ. ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، تۇنجى ئىشى مىسۋاك قىلىش بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىدە

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

ئۆيىقۇسىدىن ئويغانغاندا، مىسۋاك بىلەن ئېغىزىنى پاكلايتتى.

سەل قارالغان كۈندىلىك سۈننەتلەرنىڭ قاتارىدىن: ئاياغ كىيىشتىكى سۈننەتلەر. سىز كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئايىغىنى سول پۇتى بىلەن كىيىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن سالغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياغ كىيگەن ۋاقىتتا، ئوڭ پۇتى بىلەن كىيىپ، سول پۇتى بىلەن سالاتتى. قاراڭ! ئىنسان بىر كېچە - كۈندۈزدە قانچە قېتىم ئاياغ كىيىدۇ؟ مەسىلەن، ھاجەتخانىغا بېرىش، ئۆيدىن چىقىش، مەسجىدلەرگە كىرىش، مەسجىدتىن چىقىش ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردا بولسۇن، بۇ سۈننەت ئۇ كىشىدە تەكرارلىنىدۇ. ئۇ كىشى بۇ سۈننەتنى ئۆزىگە ئادەتلەندۈرسە (يەنى ئاياغنى ئوڭ پۇتى بىلەن كىيىپ، سول پۇتى بىلەن سېلىشقا ئادەتلەنسە)، ئۇ كىشى ھەرىكەت قىلغاندا، جىم تۇرغاندا، ھەتتا بارلىق ئىش - پائالىيەتلىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتى ئۈستىدە بولىدۇ. ئاندىن بۇ كىشىنىڭ ئاياغ كىيىش ۋە سېلىشلىرىغىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ ۋە ياخشىلىق يېزىلىدۇ.

ئىنسان ھاجەتخانىغا كىرگەندە: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ» (تەرجىمىسى: ئى اللە، ساڭا سېغىنىپ، ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن!) دەيدۇ ۋە سول پۇتى بىلەن كىرىدۇ. چىققان ۋاقىتتا، ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىپ: «غُفْرَانَكَ» (تەرجىمىسى: مەغپىرىتىڭنى تىلەيمەن!) دەيدۇ.

ئەمدى، ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى سۈننەتلەرگە قاراڭ! ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قانچە سۈننەت بار؟ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى كۆپلىگەن سۈننەتلەر بار. ئۇنىڭ قاتارىدىن: تاھارەت بىلەن ئۇخلاش، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ئۇخلاش، ئايەتۇلكۇرسى، سۈرە كافىرۇن ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇش ھەمدە ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، ئىككى قولىغا (سۈفلەپ)، پۈتۈن بەدىنىنى ئالدى تەرەپتىن باشلاپ سىلاشتىن ئىبارەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، سۈننەت كىتابلىرىدا بار بولغان بىزلەرگە تونۇشلۇق سۈننەتلەر.

تائام يېيىش سۈننەتلىرى: بىسمىللاھ بىلەن باشلاش؛ تاماق يەپ بولغاندا، الله قا ھەمدە ئېيتىش؛ ئوڭ قولى بىلەن يېيىش؛ بىرەر لوقما تائام چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى ئېلىپ سۈرتۈۋېتىپ يېيىش. بۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىدۇر.

(مۇسۇلمان كىشى) باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا، تۇنجى بولۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دەپ سالام قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. چۈنكى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش سۈننەتتۇر ھەمدە ئۇ خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇ ئۇچراشقان كىشىگە تەبەسسۇم قىلىدۇ، چۈنكى تەبەسسۇم بىلەن قاراش ياخشى كۆرۈلىدىغان سۈننەتتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك سۈننەتلەر ھەم بار. يەنى چاشكا نامىزى، تەرتىپلەنگەن سۈننەت، كېچىدە قىيامدا تۇرۇش ۋە بۇلاردىن باشقا، مەيلى پەرز ياكى سۈننەت نامازلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىش

-ھەرىكەت ۋە كەلىمىلەردە كۆپلىگەن سۈننەتلەر بار. بۇ ئۈچرىششىمىزدا، ئۇنى شەرھلەپ ئۆتىمىز دېسەك، ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىدۇ. لېكىن، بىز قىسقىغىنە بايان قىلىپ، بەزى روشەن مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ياخشى كۆردۇق.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەگەر بۇنى «بىرەر ئىشقا دەلىل بولىدۇ» دېيىلسە، ھەقىقەتەن بۇ ئىش ئۇ كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، پەقەت يۈز ئۆرۈگەن كىشى كىرمەيدۇ» دېدى، ساھابىلەر ھەيران قىلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، يۈز ئۆرۈگەن كىشى كىم؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئاسىي بولغان كىشى (جەننەتكە كىرىشتىن) يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ» دېدى.①

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشىنىڭ رەببى، كەرەملىك اللہ تىن بىزنى ۋە سىلەرنى اللہ نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن قىلىشنى سورايمىز!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

# 12- دەرس

# تەۋبە قىلىش

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى»①.

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، بىز تەۋبىگە نېمىدېگەن مۇھتاج - ھە؟! ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھاياتى ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولساق، بۇ تېمىنىڭ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار، سىلەر الله قا تەۋبە قىلىڭلار ۋە مەغپىرەت تىلەڭلار. ھەقىقەتەن مەن الله قا كۈندە 100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن»②. يەنە بىر

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

رىۋايەتتە، «كۈندە 70 قېتىم تەۋبە قىلىمەن» دەيدۇ.[1] يەنى 10 قېتىم، 20 قېتىم ۋە ياكى 30 قېتىم ئەمەس، بەلكى «100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن» دېدى.

ئەگەر سىز بىرەر كىشىدىن: «سىز بۈگۈن اللە قا تەۋبە قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە ھەيرانلىق ۋە ئىنكار قىلىش ئىلكىدە قارايدۇ ۋە: «ماڭا يامانلىق بىلەن تۆھمەت قىلىۋاتامسەن؟ مېنىڭ زىنا قىلغانلىقىمنى ياكى جازانە يېگەنلىكىمنى ۋە ياكى نامازنى تەرك ئەتكەنلىكىمنى كۆردۈڭمۇ؟» دەيدۇ. ھەقىقەتەن بۇ بىچارە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ اللە تەالى غا بىر كۈندە يۈز قېتىم تەۋبە قىلغانلىقىنى بىلمىدى.

مەن ھەيران قېلىۋاتىمەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈز قېتىم تەۋبە قىلىشى، بىزنىڭ مۇشۇ ئولتۇرۇشىمىزغا ئوخشاش بىر ئولتۇرۇشتا بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كۈن ئىچىدىكى بىر ئولتۇرۇشىدا، اللە تەالى غا يۈز قېتىم تەۋبە قىلغان، دىققەت قىلىڭ! بىر كۈندە ئەمەس، بىر ئولتۇرۇشىدا. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر ئولتۇرۇشتا يۈز قېتىم ‹رَبِّ اغْفِرْ لِي وَتُبْ عَلَيَّ إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ› (ئى رەببىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، سەن تەۋبىلەرنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇرسەن!) دېگەنلىكىنى سانايتتۇق» دېدى.[2] ھەر بىرىڭلار ئۆزۈڭلاردىن «مەن مۇشۇ ھەدىسنى ھاياتىمغا قانچە قېتىم تەتبىقلاپ باقتىم؟» دەپ سوراپ

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بېقىڭلار. مەن بىر ئولتۇرۇشۇمدا، اللە تعالى دىن يۈز قېتىم مەغپىرەت تىلەيمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «اللە تعالى بىر بەندىنى ئازابلاشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا (اللە تعالى دىن) مەغپىرەت تىلەشنى ئىلھام قىلمايدۇ».① يەنى بۇ ئىنساننىڭ تىلىدا دائىم مەغپىرەت تىلەش بولسىلا، اللە تعالى ئۇنى ئازابلىمايدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى سۆزىنى، اللە تعالى نىڭ بۇ ئايىتىگە ئاساسەن ئېيتقان: ﴿وَمَا كَانَ اللّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ «ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا، اللە ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ»②. اللە تعالى مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلغان ۋاقىتتا، كاپىرلارغا خىتاب قىلمايدۇ (يەنى اللە تعالى مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلغان ۋاقىتتىكى خىتاب: كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعاً أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللە قا تەۋبە قىلىڭلار»③.

تەۋبە قىلىش مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىجاتلىقنىڭ سەۋەبلىرى قاتارىدىن. ھەيرانمەن! بەزى كىشىلەرنى ھەقىقەتەن شەيتان ئالداپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىرەر گۇناھ قىلسا، سىز ئۇنىڭغا: «نېمىشقا اللە تعالى غا

① «تفسير روح البيان» 10- توم 175- بەت.

② سۈرە ئەنفال 33- ئايەت.

③ سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىستىغپار ئېيتمايسىز؟» دېسىڭىز، ئۇ: «مەن بۇ گۇناھنى تونۇگۈن قىلدىم. بىلمەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلىشىم مۇمكىن. اللّٰه ياخشى بىلگۈچىدۇر. ماڭا ئاسان، گۇناھ قىلىمەن، ئاندىن تەۋبە قىلىمەن، ئاندىن ئىستىغپار ئېيتىمەن، ئاندىن يەنە گۇناھ قىلىمەن» دەيدۇ.

(بىر يازغۇچى) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «بەزىلەر گۇناھ قىلىپ، ئاندىن تەۋبە قىلىپ، يەنە گۇناھ قىلىپ، ئاندىن تەۋبە قىلىپ، ئۆز رەببىدىن ھايا قىلمامدىغاندۇ؟!» دېدى، ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ نېمە دېدى؟ ئۇ بۇ ۋاقىتتا، ئالتۇندىن قىممەتلىك ئاجايىپ بىر سۆزنى قىلدى. يەنى ئۇ: «شەيتاننىڭ ئارزۇسى: ئىنساننى مۇشۇنداق خىيالغا كەلتۈرۈپ غەلىبە قىلىش» دېدى.① يەنى شەيتاننىڭ ئارزۇسى ۋە نىشانى: سىزنى اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ۋە سىزگە گۇناھتىن پاك ئىكەنلىكىڭىزنى خىيال قىلدۇرۇش. بەزى كىشىلەر سىزگە: «ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىڭ سېنى ھالاك قىلىپ بولدى، سەن تۈگەشتىڭ، ئەمدى ئادەتلەنگەن گۇناھىڭنى قىلىۋەر!» دەيدۇ. ياق، بۇ توغرا ئەمەس. بەلكى سىز، اللّٰه تعالى غا ئىستىغپار ئېيتسىڭىز، تەۋبە قىلسىڭىز ۋە اللّٰه تعالى تەرەپكە قايتسىڭىز، شۇ چاغدا سىز شەيتاننى بويسۇندۇرسىز ۋە شەيتاننى ھالاك قىلىسىز. شەيتان سىزنىڭ اللّٰه تعالى غا تەۋبە قىلىشىڭىزنى خالىمايدۇ، سىز ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ھازىرلا تەۋبە قىلىڭ ۋە ئىستىغپار ئېيتىڭ» دېسىڭىز، ئۇ سىزگە: «مەن بىلمەيمەن، بەلكىم بۇ گۇناھنى بىر

① «السابق» 1-توم 250- بەت.

ئايدىن كېيىن قايتا قىلىشىم مۇمكىن» دەيدۇ. (سىز ئۇنىڭغا ئېيتىڭكى): «ئۇنداقتا سىز ھازىرلا الله تعالى غا تەۋبە قىلىڭ، پات ئارىدا ۋاپات تېپىپ قالسىڭىز، تەۋبە قىلغان ھالەتتە كېتىسىز».

ئىمام نەۋەۋى «ياخشىلار باغچىسى» دېگەن كىتابىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئىنتايىن شېرىن سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ‹أَسْتَغْفِرُ اللهَ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الحَيُّ القَيُّومُ وَأَتُوبُ إِلَيهِ› (تەرجىمىسى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان، مەڭگۈ ھايات ۋە مۇتلەق ئىدارە قىلغۇچى الله تىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن) دېسە، گەرچە ئۇ كىشى جەڭ مەيداندىن قېچىشتەك چوڭ گۇناھنى قىلغان بولسىمۇ، الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».[1] سىلەر «جەڭ مەيداندىن قېچىش» نىڭ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

كۆپ ئىستىغپار ئېيتىڭلار ۋە كۆپ تەۋبە قىلىڭلار. سەلەفلەرنىڭ بەزىسى: «سىلەر تەۋبە قىلغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇڭلار ۋە تەۋبە قىلغان ھالەتتە كەچ قىلىڭلار» دېدى. چۈنكى، بەزى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك، تائەت - ئىبادەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تېما بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇشى لازىم. بىز تەۋبىنى

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى. ھاكىم: «بۇ ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ‹سەھىھ ھەدىس شەرتى›گە چۈشىدۇ» دېدى. ئەلبانى «سەھىھ» دېدى.

«پەقەت پاسىق، گۇناھكار ۋە تۇرمىدىكى كىشىلەرگىلا خاس» دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. بەلكى تەۋبىگە بارلىق مۇسۇلمانلار كىچە - كۈندۈز مۇھتاج. سىزمۇ ھەم تىلىڭىزنى تەۋبىگە كۆندۈرۈشكە مۇھتاج. لوقمان ھەكىم ئۆز ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم، سەن تىلىڭنى <اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي> (ئى ﷲ، مېنى مەغپىرەت قىل!) دېگەن سۆزگە كۆندۈر! ھەقىقەتەن شۇنداق سائەتلەر باركى، بۇ ۋاقىتتا ﷲ تەئالا دىن سورىغان كىشىنىڭ تىلىكى رەت قىلىنمايدۇ» دېدى.[1]

ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ بىزگە قىممەتلىك ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۆيۈڭلاردا، داستىخىنىڭلاردا، بازارلاردا ۋە يوللاردا ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىڭلار!» سىز ھەتتا يولدا، بازاردا ۋە خىزمەتتە بولسىڭىزمۇ ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىڭ! «سىلەر ﷲ تەئالا نىڭ مەغپىرىتىنىڭ قاچان چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر».[2]

تىلىڭىزنى ئىستىغپارغا كۆندۈرۈڭ. سىز ئۆز نەپسىڭىزگە، ئۆزىڭىزنىڭ «تەۋبىگە بەكمۇ مۇھتاج، كۆپ خاتالاشقۇچى، گۇناھكار» ئىكەنلىك پوزىتسىيىسىدە قاراڭ! ھەرگىزمۇ، «الحمد لله! مەن باشقىلاردىن ئەۋزەل، ناماز ئوقۇيمەن، قۇرئان ئوقۇيمەن، كېچىلىرى قىيامدا تۇرىمەن، روزا تۇتىمەن، پالانى - پالانى ئىشلارنى قىلىمەن ۋە سەدىقە بېرىمەن»

---

[1] بەيھەقىنىڭ «الشعب» كىتابى 2- توم 56- بەت؛ ئىبنى رەجەبنىڭ «جامع العلوم والحكم» كىتابى 2- توم 408- بەت.

[2] ئىبنى رەجەبنىڭ «جامع العلوم والحكم» كىتابى 2- توم 408- بەت.

دەپ، نەپسىڭىزگە مۇكەممەللىك پوزىتسىيىسىدە قارىماڭ! بىز ھەر كۈنى اللّٰه تعالى غا تەۋبە قىلىشقا ۋە مەغپىرەت تىلەشكە بەك مۇھتاج.

ئاخىرىدا، اللّٰه تعالى دىن مېنى ۋە سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله ربّ العالمين!

# 13- دەرس

# پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە قىزىقىش

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى»①.

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، بىز بۇ ئۇچرىشىشىمىزدا، «پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە قىزىقىش» توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. الله تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَبِقُواْ الْخَيْرَاتِ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر!) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار».② الله تعالى بىزنى ياخشىلىقتا بەسلىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ﴾ «(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ،

---

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

② سۈرە بەقەرە 148- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر».① ئۇلار كىملەر؟ بەزى ئۆلىمالار: «ئۇلار دۇنيادا ياخشى ئەمەللەردە ئىلگىرىلەپ، ئاخىرەتتە جەننەتكە ھەم ئىلگىرىلەپ كەتكەن كىشىلەردۇر» دەپ بايان قىلدى.

«ئەمەللەردىكى پەزىلەت» دېگىنىمىزدە، ئۇ بولسىمۇ، كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى، نەفلە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى، قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، تەرتىپلەنگەن سۈننەتنىڭ② پەزىلىتى، ئەزاننىڭ پەزىلىتى ۋە سەدىقىنىڭ پەزىلىتىدىن ئىبارەت ناھايىتى كۆپ پەزىلەتلەر بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنىڭ مۇشۇ ئەمەللەردىن ۋەزىپە ۋە نېسۋەڭلار بولۇشىنى ۋەسىيەت قىلىمەن. يەنى سىز، مەن دېگەن «پەزىلەتلىك ئەمەللەر» توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆندىلىك، ھەپتىلىك، ئايلىق ئەمەس، بەلكى ئايدا بىر - قېتىم ياكى بىر - ئىككى سائەت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. مەسىلەن، قايسى كىتابنى؟ سىزدە «ياخشىلار باغچىسى» دېگەن كىتاب ۋە پەزىلەتلىك ئەمەللەر، پەزىلەتلىك دەۋەتلەر، پەزىلەتلىك زىكىرلەر ۋە پەزىلەتلىك گۈزەل ئەخلاقلار توغرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل كىتابلار بار. يەنە مەسىلەن، سىز «ياخشىلار باغچىسى» ياكى قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ھەققىدىكى ۋە ياكى «پايدىلىق تىجارەت» (يەنى جىھاد) ھەققىدىكى سەھىھ كىتابلارنى ئوقۇڭ، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى پەقەت پەزىلەتلىك ئەمەللەرگىلا خاس قىلىنغان. ھېچ بولمىسا، سىزدە «ئايلىق ئوقۇش» بولسۇن. گەرچە ئايدا بىر قېتىم ئىككى - ئۈچ سائەت بولسىمۇ ئوقۇپ تۇرسىڭىز، بۇ

---

① سۈرە ۋاقىئە 10- ئايەت.

② تەرتىپلەنگەن سۈننەت: پەرز نامازنىڭ سۈننەتلىرى.

ئۇقۇشىڭىزنىڭ سىزگە نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ سىزنى ياخشى ئەمەللەرگە قىزىقتۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ئەزانغا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى، مۇئەززىنىنىڭ بوينى باشقىلارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق بولىدۇ (يەنى مۇئەززىن ئېرىشكەن ئەجرىنىڭ كاتتىلىقىدىن، باشقىلار ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارايدۇ)①».② يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازى قانچە كۆپ يەرگە ئاڭلانسا، شۇنچە كۆپ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھۆل - قۇرۇق ھەممە نەرسە ئۇنى تەستىقلايدۇ». ③ سىز بۇ پەزىلەتتىن نېسىۋدار بولۇش ئۈچۈن، ھەپتىدە ياكى ئايدا بىر - ئىككى قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىڭ! مەسىلەن، سەيلىگە ياكى سەپەرگە چىقىپ قېلىپ، يالغۇز ياكى جامائەت بىلەن ۋە ياكى ئەھلى بالىلىرىڭىز بىلەن ناماز ئوقۇپ قالسىڭىز، ئەزان ئېيتىڭ.

پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بىرنى ئاڭلىسىڭىز، گەرچە ئايدا بىر قېتىم ياكى ئىككى - ئۈچ ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ، ئۇنى ھاياتىڭىزغا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇڭ! مەسىلەن، جىنازا نامىزى ئوقۇشقا قىزىقىڭ! رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە بىزنى قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى جىنازا نامىزىغا قاتناشسا، ئۇنىڭغا بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ ۋە يەرلىككە قويغانغا قەدەر جىنازىغا ئەگىشىپ بىللە بولسا، ئىككى قىيرات ئەجىر بولىدۇ. ئىككى قىيرات

---

① بۇ يالاڭ تىرناق() ئىچىدىكى شەرھىنى، ئىمام نەۋەۋىنىڭ «شرح مسلم» كىتابىدىكى مۇشۇ ھەدىسكە يازغان شەرھىسىدىن ئالدۇق —تەرجىماندىن.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

③ نەسائى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېگەن، چوڭ ئىككى تاغدەك ئەجىردۇر».① يەنى اﷲ تعالى سىزگە ئۆز پەزلى، رەھمىتى، ۋە سېخىيلىقى بىلەن ئوھۇد تېغىچىلىك ياخشىلىق ۋە ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

سىز كاتتا پەزىلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىڭىزگە ۋەزىپە قىلىشقا ۋە نېسۋىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭ. بۇلار پەقەت، پەزىلەتلىك ئەمەللەر توغرۇلۇق كىتابلارنى «ئايلىق ۋەزىپە» قىلىپ ئوقۇش ئارقىلىق قولغا كىلىدۇ. مەن «ھەپتىلىك» ۋە «كۈندىلىك» دېمىدىم، بەلكى «ئايلىق» دەۋاتىمەن.

مەن سىلەرگە دەپ ئۆتكىنىمدەك، پەزىلەتلىك ئەمەللەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز بۇ قىسقىغىنە ئۈچرىشىشىمىزدا، ئۇلارنى ساناپ بولالمايمىز، لېكىن بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە ئىمكانقەدەر ھېرىسمەن بولۇپ، (ئۇلارنى قىلىشقا) تىرىشىشقا تەكلىپ بېرىمەن. بۇ پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسگە ئۆزىڭىزنى بىر ئاي تەربىيىلەڭ. مەسىلەن، ئۆزىڭىزنى پەزىلەتلىك زىكرىلەرگە تەربىيىلەشكە ۋە ھەر كۈنى يېرىم سائەت، ھېچ بولمىغاندا، ئون مىنۇت بولسىمۇ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆزىڭىزگە ۋەزىپە قىلىشقا تىرىشىڭ. ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇشىڭىز بىلەن، سىزگە بەرىكەت، ياخشىلىق ۋە نېمەت ئاتا قىلىنىدۇ. ئەگەر كۈنىگە بىر پارە قۇرئان ئوقۇسىڭىز، بىر ئايدا 30 پارە بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، بارلىق پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن سىزنىڭ كۈندىلىك

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

پروگراممىا قىلىشىڭىز لازىم بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلغان پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىدىن سىزنىڭ ھەم نېسىۋىڭىز بولسۇن. مانا بۇ: كۆپ كىشىلەر سەل قاراۋاتقان ئىش. مەسىلەن، مەسجىدكە بالدۇر بېرىش. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ناۋادا كىشىلەر مەسجىدكە بالدۇر بېرىشنىڭ ئەجرىنىڭ قانچىلىك كاتتا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ئىدى...» دېدى.[1] «التهجير»: مەسجىدكە بالدۇر بېرىش دېگەنلىكتۇر. سىز مەسجىدكە ئەزاندىن بەش مىنۇت بۇرۇن بولسىمۇ بېرىشقا ئۆزىڭىزنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىڭ. «ناۋادا كىشىلەر مەسجىدكە بالدۇر بېرىشنىڭ ئەجرىنىڭ قانچىلىك كاتتا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ئىدى...» دېمەك، سىز بىرىنچى سەپكە قىزىقىڭ. كۆپ كىشىلەر بىرىنچى سەپكە قىزىقمايدۇ. ئى قەدىرلىك قېرىندىشىم، بۇ بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، قايسى بىر كىشى بىرىنچى سەپكە قىزىقسا، يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرىدە «مەن چوقۇم بىرىنچى سەپتىلا ناماز ئوقۇيمەن» دېگەن نىيەت مۇجەسسەملەشسە، مانا بۇ، پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

سىز (دائىم) بىرىنچى سەپكە ، مەسجىدكە بالدۇر بېرىشقا، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ۋە يېتىملەرگە كېپىل بولۇشقا قىزىقسىڭىز، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەزىلەتلىك ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. دېمەك، سىز پەقەت «پەزىلەتلىك ئەمەللەر» توغرۇلۇق كىتابلارنى، ئايدا بىر - ئىككى سائەت ئوقۇيدىغان «ئايلىق ئوقۇش» نى ئۆزىڭىزگە ۋەزىپە قىلىشىڭىز زۆرۈر.

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

اللە تعالى شۇ سەۋەبلىك، بىزگە ئۆز پەزلى - كەرەمى ۋە سېخىيلىقى بىلەن بۇ ئەمەللەرنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاشنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا كاتتا ئەجىر ۋە بۈيۈك پەزىلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئېھسان قىلىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئاخىردا، اللە تعالى دىن گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەن!

# 14- دەرس

# نىفاقتىن قورقۇش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئىلمى كاتتا، ئىمانى مۇستەھكەم، الله تعالى ئۇلارنى قۇرئان كەرىمدە ماختىغان، ئۇلاردىن رازى بولغان ۋە ئۇلار ئەڭ ياخشى دەۋردە ياشاپ تۇرۇپمۇ، نىفاقتىن قورقاتتى. تابىئىنلاردىن ئىبنى ئەبى مۇلەيكە: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن ئوتتۇز كىشىنىڭ نىفاقتىن قورققانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن②. نىفاقتىن پەقەت مۇئمىنلا قورقىدۇ ۋە پەقەت مۇناپىقلا خاتىرجەم بولىدۇ. راستچىل مۇئمىن نىفاقتىن قورقىدۇ، نىفاقتىن خاتىرجەم بولغان

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

② بۇخارى رىۋايىتى.

ئادەم — ئۇ، مۇناپىقتۇر.

سىز بەزى كىشىلەردىن: «سىز نىفاقتىن قورقامسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، بۇ سوئال ئۇلار ئۈچۈن غەلىتە تۇيۇلۇپ، ئىنكار قىلىدۇ-دە، ئۇ: «مەن قانداقمۇ مۇناپىق بولغۇدەكمەن؟! مەن ناماز ئوقۇيمەن، روزا تۇتىمەن، زاكات بېرىمەن ۋە ھەجگە باردىم» دەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ۋە قەلبىگە مۇناپىقلىقتىن قورقۇش كىرىپمۇ قويمايدۇ. ۋاھالەنكى، نىفاقتىن ھەتتا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ھەم قورققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ بىزگە مۇناپىقنىڭ ھەققىي سۈپىتىنى ۋە نىفاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۆچرىتىمىز.

ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىق دېگەن: تاشقى كۆرۈنىشى بىلەن قەلبى ھەمدە ئەمەلىيىتى بىلەن سۆزى ئوخشىمايدىغان كىشىدۇر»[1]. سىلەر بۇ نوقتىغا دىققەت قىلىڭلار! بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بىر نوقتا بولۇپ، بىز ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. ئىمام ھەسەن بەسرى: «قاچانكى ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنىشى بىلەن قەلبى ئوخشاش بولمىسا...» دېدى، يەنى (ئۇنداق كىشىنىڭ) كىشىلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىتا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋاسى، تاشقى كۆرۈنىشى توغرا، دىنغا ئىخلاسمەن ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىنى لازىم تۇتقۇچى بولۇپ كۆرۈنسە، ئەمما يالغۇز قالغاندا، سىز

[1] ئىبنى رەجەب ھەنبەلىنىڭ «جامع العلوم والحكم» كىتابى 1- توم 431- بەت.

بۇ كىشىنىڭ گۇناھ - مەئسىيەت، يامان سۆز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يامان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئىمام ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىدىكى «اختلاف السر»: تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ قەلبكە ئوخشىماسلىقى ۋە قەلبىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشكە ئوخشىماسلىقى بولۇپ، بۇنى نىفاقنىڭ جۈملىسى قاتارىدىن ساندى (اﷲ ساقلىسۇن!). يەنە شۇنىڭدەك، ئەمەلىيىتى بىلەن سۆزى ئوخشىمايدۇ، يەنى، نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ. ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ بۇنىمۇ ھەم نىفاقنىڭ جۈملىسى قاتارىدىن ساندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز نەپسىمىزنى ھەرۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىنسان ئاغزىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ يۈرمەسلىكى لازىم. نۇرغۇن كىشىلەر خۇتبە ۋە دەرسلەرنى سۆزلەيدۇ ھەمدە كىشىلەرنى ئەمەل قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. لېكىن ئەمەل قىلىشتا، ئۆزى باشقىلارغا قارىغاندا تولىمۇ ئارقىدا. بۇ ھەقتە اﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ كَبُرَ مَقْتاً عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)»[1] «المقت»: يەنى، غەزەپتىن ئېغىرراق.

---

[1] سۈرە سەف 2-3 ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە، مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بەزىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ» ① . بۇلار مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، گەپ قىلغان ۋاقتىمىزدا، يالغانچىلىقتىن ئاگاھ بولۇشىمىز كېرەك. بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن، يالغانچىلىق — ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ ۋە كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. ئەتراپىمىزدىكى ئىلىم - سېتىم قىلىدىغان كىشىلەر ۋە بەزى تىجارەتچىلەرگە قارىسىڭىز، يالغانچىلىق — ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز.

«ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ». سىز ئۇنىڭغا ئامانەت قويسىڭىز، ئۇ سىزگە خىيانەت قىلىپ، «سەن ماڭا ئامانەت بەرمىدىڭ» دەيدۇ.

«ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ». يەنى سىزگە ۋەدە بېرىدۇ، كەيندىن خىلاپلىق قىلىدۇ.

«مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ».

اللە تعالى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان ۋە بىز ئۇنىڭدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ قاتارىدىن: ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش.

اللە تعالى مۇنداق دېدى:﴿الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ بَعْضُهُم مِّن

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمَعْرُوفِ﴾ «مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ»①. دېمەك، ياخشىلىققا بۇيرىماسلىق ۋە يامانلىقتىن توسماسلىق: مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن كۆپ كىشىلەر بۇ خىل سۈپەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت ناماز، روزا ۋە زاكات بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. ئۇلاردىكى «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» سۈپىتى نەدە قالدى ؟!

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلار، مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى، ئىسلام ئەھلىنى مەسخىرە قىلىشتۇر. ھازىر سۈنئىي ھەمراھ قاناللىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللار مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى مەقسىتى ۋە چوڭ نىشانى پەقەت دىن ئەھلىنى، مۇجاھىدلارنى، ياخشى كىشىلەرنى ۋە ئۆلىمالارنى مەسخىرە قىلىش ياكى سۆھبەت يوللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى «رىيائىلىقتىن ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدىغان ئەقىلسىز» دەپ تۆھمەت قىلىشتۇر. بەلكى تېخى، مۇجاھىدلارنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرى ۋە فىلىملەر ئويۇشتۇرۇلدى. بىز بۇنى: «مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن» دەيمىز. مۇناپىقلارنىڭ بۇ سۈپەتلىرى، ھازىر كۆپ قىسىم ئىلمانىزىملاردا (دىنسىزلاردا) ئەكس ئېتىۋاتىدۇ. كۆپ قىسىم ئىلمانىزىملارنىڭ بىرىنچى چوڭ مەقسىتى دىن ئەھلىنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش بولدى.

---

① سۈرە تەۋبە 67- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللّٰه تعالى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش. بۇمۇ خەتەرلىك مەسىلە.

اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ ۝ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾ «شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ»①. يەنى گەرچە ئۇلار كېسەل ياكى سەپەردە بولمىسىمۇ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن شەرئى سەۋەبسىز كېچىكتۈرىدۇ. دېمەك، نامازنى كېچىكتۈرۈش — مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن. وَيْلٌ: بۇ — ئازاب سۆزى. يەنى ئۇلار نامازنى پەقەت كىشىلەرگە رىيا قىلىش ئۈچۈن ۋە خۇش ياقماستىن ئوقۇيدۇ. بۇمۇ ھەم مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، (ئەمەللىرىنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش، مەدھىيىلىنىش ۋە ماختىنىش ئۈچۈن قىلغاندىن سىرت، اللّٰه تعالى نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمايدۇ.

ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە اللّٰه تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ « اللّٰه نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ»②. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى: مال - دۇنيا ھەققىدە ۋە «دېيىلىپتىكەن»، «دەپتىكەن» دېگەندەك سۆزلەر بولۇپ، سىز ئۇلارنىڭ اللّٰه تعالى نى ئەسلەيدىغانلىقىنى ئۇچراتمايسىز. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا، قۇرئان ئوقۇش

---

① سۈرە مائۇن 4-5 ئايەت.

② سۈرە نىسا 142- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە زىكرى ئېيتىشقا ۋاقىت ئاجراتمايدۇ. ئۇنىڭ ھەركۈنى ۋە ھېچبىر ۋاقىت اﷲ تعالى نى ئەسلىگەنلىكىنى، ناماز ئوقۇغانلىقىنى، قۇرئان ئوقۇغانلىقىنى ۋە زىكرى ئېيتقانلىقىنى ئۇچراتمايسىز. مانا بۇ — اﷲ تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا بايان قىلغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدىن. اﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «اﷲ نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ».①

رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدىن — اﷲ يولىدىكى جىھادنى تەرك ئېتىش. سەھىھ مۇسلىمدىكى ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى نىيەتمۇ قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام نەۋەۋى ۋە ئىمام ئىبنى تەيمىيەلەر «جىھادنى تەرك ئېتىش»نى مۇناپىقلارنىڭ خىسلەتلىرى ۋە نىفاقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت قاتارىدا تىلغان ئالغان.

بىز مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى ياكى مۇناپىقچە قورقۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار: «سىلەر مۇناپىقچە قورقۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار!» دېۋىدى، كىشىلەر: « <مۇناپىقچە قورقۇش> دېگەن نېمە؟» دەپ سوراشتى. ئۇ ئىككىيلەن: «كۆرۈنۈشتە (اﷲ تعالى) دىن قورققاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما قەلبىدە قورقماسلىق» دېدى. ② دېمەك، مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى

---

① سۈرە نىسا 142- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى.

قاتارىدىن — ئۇ كۆرۈنۈشتە قورقىقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما قەلبىدە قورقماسلىقىدۇر.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن بىزنى نىفاقتىن پاكلىشىنى، يىراق قىلىشىنى ۋە ساقلىشىنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 15- دەرس

# باشقىلارغا دۇئا قىلىش

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۇچۇن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، الله تعالى قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلەرنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى تىلغا ئالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ پەقەت ئۇنى ئوقۇپ قويۇش ئۈچۈنمۇ؟ ياق، بەلكى ئۇنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش ئۈچۈن.

كۆپىنچە ھالەتتە، بىز «باشقىلارغا دۇئا قىلىش سۈپىتى» دىن ئىبارەت بۇ سۈپەتنى زايا قىلىۋەتتۇق. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاؤُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴾

«ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن› دەيدۇ».① (سبحان الله!) ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن بۇ سۈپەتنى باشقىلارغا دۇئا قىلىش سۈپىتى دەپ قارايمەن. سىز مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزغا دائىم دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ! ئەگەر بۇنى «بىرەر ئىشقا دەلىل بولىدۇ» دېيىشكە توغرا كەلسە، ھەقىقەتەن ئۇ قەلبىنىڭ ساغلاملىقىغا دەلىل بولىدۇ. سىز باشقىلارغا دۇئا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ساغلاملىق، سۈزۈكلۈك ۋە ساپلىقنى ئۇچرىتىسىز. بىز ھاياتىمىزدا، دۇئالىرىمىزدا ۋە رەببىمىز بىلەن سىردىشىشىمىزدا، بۇ خىل سۈپەتنى قانداق شەكىللەندۈرىمىز؟ بىز بۇ سۈپەتنى دائىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق شەكىللەندۈرىمىز. سەھىھ مۇسلىمدىكى ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈن، قېرىندىشىنىڭ كەينىدىن قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر. ئۇنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بولۇپ، ئۇ ھەر قاچان ئۆز قېرىندىشىغا ياخشىلىقنى تىلىگەندە، ئۇ پەرىشتىمۇ: ‹ئامىن! ساڭىمۇ شۇنىڭدەك بولسۇن› دەيدۇ».②

① سۈرە ھەشر 10- ئايەت.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! مانا بۇ پەرىشتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم خىزمىتى. سىز مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزغا: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ» (ئى اللە، ئۇنى مەغپىرەت قىل!) دەپ دۇئا قىلغان ۋاقتىڭىزدا، ئۇ پەرىشتە: «ساڭىمۇ ئوخشىشى بولسۇن!» يەنى، «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ» دەيدۇ. سىلەر ئەلۋەتتە پەرىشتىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە مەسجىدتە مەن بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغان بىرەيلەننىڭ ھەيران قالارلىق بىر ئىشىنى سۆزلەپ بېرەي. بىز مەسجىدتىن چىققاندا، (ئۇ ماڭا): «مەن سىز ئۈچۈن دۇئا قىلدىم» دېدى. مەن: «جزاك الله خيرا! (اللە سىزگە ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!). قانداق دۇئا قىلدىڭىز؟» دېسەم، ئۇ: «سەجدە قىلغان ۋاقتىمدا» دېدى. سىز بۇ ئالىي پەزىلەتكە قاراڭ! ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بىزنىڭ بۈگۈنكى رىئاللىقىمىزدا، اللە رەھمەت قىلغان كىشىلەردىن باشقا، بۇ سۈپەتكە ئىگە بولغان كىشىلەر ناھايىتى بەك ئاز. ئۇ قەلبىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئۇ: «مەن سەجدە قىلغان ۋاقتىمدا، ‹ئى اللە، مېنى ۋە مەن بىلەن مەسجىدتە بولغان كىشىلەرنى مەغپىرەت قىلغىن!› دەپ دۇئا قىلىمەن» دېدى. ئۇنىڭ مەسجىدتە ئۆزى بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىغا قاراڭ! ھازىر بىزنىڭ ئىچىمىزدە، كىشىلەر ئۆزى بىلەن مەسجىدتە بولغان كىشىنى ئويلاپ، ئۇلارغا دۇئا قىلارمۇ؟! بۇ — كاتتا سۈپەت، يۈكسەك ئەخلاق ۋە بۈيۈك قەلب. ئىنسان دۇئا قىلغاندا، دائىم پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىماي، بەلكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىمۇ ئويلىشى كېرەك.

شۇنىڭدەك، مەن سىلەرگە يەنە بىر ھەيران قالارلىق ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرەي. يېشى تەخمىنەن ئاتمىشتىن ئاشقان، ياشانغان بىر كىشى بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا: «مەن اﷲ تعالى دىن سىزگە مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمەن» دېسەم، ئۇ: «بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سورا!» دېدى. مەن يەنە: «مەن، اﷲ تعالى دىن سىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى سورايمەن» دېسەم، ئۇ: «بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سورا!» دېدى. ئەگەر ھازىر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە: «مەن اﷲ تعالى دىن سىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى سورايمەن» دېسە، ئۇ: «ئامىن!» دەيدۇ ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئۆز نەپسىنى تەربىيىلىشى تولىمۇ ياخشى بىر سۈپەتتۇر. تەربىيەدىن ئىبارەت بۇ ياخشى سۈپەت سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ۋە رەببىڭىز بىلەن سىردىشىشىڭىزدا ئۆزۈلمەس بىر سۈپەتنى، يەنى باشقىلارغا دۇئا قىلىش سۈپىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇش بىشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار ئۈچۈن اﷲ تىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئايالغا (قىلغان دۇئاسىنىڭ) سەۋەبى بىلەن ياخشىلىق يېزىلىدۇ»[1]. بۇ كىشىنى ئاجايىپ خۇش قىلىدىغان ھەدىستۇر. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، «مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا دۇئا قىلىش» نى ئۆزىگە كۈندىلىك ۋەزىپە قىلىپ بېكىتكەن ئىدى.

---

[1] تەبرانى «ھەسەن» دېگەن.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ھازىر زېمىن يۈزىدە ئۆلۈك ئەمەس، تىرىك مۇسۇلمانلاردىن قانچىسى بار؟ مەسىلەن، ئەگەر ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بويىچە مىليارد مۇسۇلمان بار دېسەك، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى كاززاپ ۋە شېرىك قىلمىشلاردىكى ۋە نامدا مۇسۇلمان، ئەمما ھەقىقەتتە مۇسۇلمان ئەمەس بولغان كىشىلەرنى (چىقىرىۋەتكەندە)، (اللە ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!) ھېچ بولمىغاندا، زېمىن يۈزىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بويىچە ئون مىليون دېسەك، ئۇنداقتا ھەر بىر مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئايال سەۋەبلىك بىر ياخشىلىق يېزىلسا، ئون مىليون ئادەمگە نىسبەتەن، ئەڭ تۆۋەن مۆلچەردىمۇ ئون مىليون ياخشىلىق بولىدۇ. اللە تعالى يەنە ئۆزى خالىغان كىشىگە ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئون مىليون ئونغا ھەسسىلەنسە، قانچە بولىدۇ؟ يۈز مىليون بولىدۇ. قانداق بولۇپ شۇنداق بولىدۇ؟ ئەگەر سىز «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ» (ئى اللە، مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارنى مەغپىرەت قىلغىن!) دېسىڭىز، بۇ دۇئا تىرىك ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ھازىرقى رىئاللىقىمىزغىچە قانچە مىليارد مۇسۇلمان ئۆتتى؟ سىز پەقەت 1/4 دەقىقىدىن ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلسىڭىز، زاپاس خەزىنىڭىزگە مىليارد ياخشىلىقلار كىرىدۇ. اللە سىلەرگە رەھىم قىلسۇن، سىلەر ئۆزۈڭلارنى بۇ پاك، مۇبارەك سۈپەتلەرگە كۆندۈرۈڭلار. سىز دۇئايىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى دائىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن ئاجرىتىڭ.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بۇ يەردە قىينىچىلىقتا ياكى جاپا - مۇشەققەتكە چۈشۈپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر غاپىل قالغان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈچۈن، غايىبانە كەينىدىن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىشتۇر. مەسىلەن، سىز ئۇزۇندىن بېرى بىرەر قىينچىلىق ياكى قەرزنىڭ مۇشەققەتلىرىگە چۈشۈپ قالغان بولسىڭىز ۋە مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزنىڭمۇ قەرزى بارلىقىنى بىلسىڭىز، سىزنىڭ: «ئى اللە، پالانى قېرىندىشىمنىڭ قەرزىنى تۆگىتەلىشىگە ياردەم بەرگىن! ئى اللە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن! ئى اللە، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىسلاھ قىلىپ بەرگىن!» دەپ، دائىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزغا دۇئا قىلىشىڭىز ھەمدە ئەسىرگە چۈشكەن، ئېزىلىۋاتقان، ئازابلىنىۋاتقان ۋە تۈرمىلەرگە قامىلىۋاتقان مۇھاجىر، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلىشىڭىز كېرەك ۋە كۈندىلىك دۇئالىرىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلار ئۈچۈن ئاجرىتىشىڭىز كېرەك.

ئى قېرىنداشلار! ئاندىن سىلەر پات ئارىدا راھەتنى، بەختنى، سائادەتنى ۋە خاتىرجەملىكنى ھېس قىلىسىلەر. سىز دۇئايىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى مۇسۇلمان قېرىندىشىڭىزغا ئاجراتقانلىقىڭىز ئۈچۈن، قەلبىڭىزنىڭ ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن پاكلانغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. سىز ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلسىڭىز، اللە ئۇلارنىڭ غەم - قايغۇلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، دەرد - ئەلەملىرىنى يەڭگىللىتىدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن ئۆزى

ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن.

**وجزاكم خيرًا!**

# 16- دەرس

# شەھدلەر

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بۇ ئۇچرىشىشىمىزدا شەھىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتىمىز.

شەھىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شەھىد ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئۇ الله نىڭ ھۇزۇرىدا رىزىقلاندۇرۇلىدۇ، نېمەتلەندۇرۇلىدۇ، لەززەتلەندۇرۇلىدۇ ۋە مەنپەئەتلەندۇرۇلىدۇ. ئەگەر سىز بۇنىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى سورىسىڭىز، مەن سىزگە: «بۇ ئاخىرەت ئىشلىرى» دەيمەن. سىز ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىماڭ. چۈنكى بىزنىڭ ئەقىللىرىمىز كەمتۈك ۋە ئاجىز،

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ. لېكىن الله خالىسا، (ھەقىقىتىنى) بىز ئاخىرەت ھويلىسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن بىلىمىز.

الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى شەھىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «الله يولىدا شەھىدلىكنى ياخشى كۆرۈش»تىن ئىبارەت بۇ يارقىن سۈپەتنىڭ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردا، مەيلى ئىلمىلىك ياكى ئىلمىسىز بولسۇن، باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەھىدتىن باشقا ھېچبىر كىشى دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ».① شەھىد قانچە قېتىم دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئىككى قېتىممۇ؟ ئۈچ قېتىممۇ؟ ياق. (ئۆزىگە بېرىلگەن) كارامەتلەرنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئون قېتىم ئارزۇ قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! شەھىدتىن باشقا، ھەتتا ئۆلىمالار، فىقھشۇناسلار، مۇھەددىسلەر، خاتىپلار، دەۋەتچىلەر ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار بولسىمۇ، دۇنياغا قايتىشنى ھېچبىر ئادەم ئارزۇ قىلمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى نېمە؟ (ئۆزىگە بېرىلگەن) پەزىلەتلەرنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن. بۇ پەزىلەتلەرنى قەلەم سۈپەتلەشتىن ياكى ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇ ئاجايىپ پەزىلەت، ھەيران قالارلىق ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد ئۈچۈن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئالتە خىسلەت بار».② قاراڭ! بۇ پەقەت شەھىدلەرگە خاس

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

② تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىنغان كاتتا خىسلەتلەر بولۇپ، بۇ خىسلەتتە ئۇلارغا ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ. ھەدىستە بۇنىڭغا تېكىست كەلمىگەن، لېكىن تېكىست ئۇنىڭ مەنىسىدە كەلگەن.

«شەھىدنىڭ تۇنجى تامچە قېنى تۆكۈلۈشى بىلەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». الله أكبر! يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدنىڭ قەرزىدىن باشقا بارچە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». ① سىز «كىل»(بارچە) دېگەن سۆزگە قاراڭ! «كىل»(بارچە) دېگەن سۆز ئومۇمىي لەۋزىلەرنىڭ قاتارىدىن. يەنى شەھىدنىڭ چوڭ - كىچىك بارچە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەگەر قەرزى بولۇپ قالسا، قەرىزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. دېمەك، شەھىدكە قىيامەت كۈنى ھېساب يوق. ئۇ گۇناھسىز ھالەتتە جەننەتكە ھېسابسىز كىرىدۇ. بىز الله تعالى دىن ئۆزىنىڭ كەرەملىك پەزىلەتلىرىدىن ئاتا قىلىشنى سورايمىز.

ئىككىنچى بولۇپ، «72 ھۆر ئەينىگە ئۆيلەندۈرۈلىدۇ ۋە شۇنداقلا، يېقىنلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ». الله أكبر! قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ يۈزلىرى يورۇپ كېتىدۇ ۋە «ئۇنىڭغا بۈيۈكلۈك ياقۇت تاجى كەيدۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى بىر تال ياقۇت دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇ قىيامەت كۈنى ياكى تىرىلىش كۈنىدىكى كاتتا قورقۇنچتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن خاتىرجەم

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

بولىدۇ». ① شۇ مەنىدە كىلىدىغان يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىدلارنىڭ باشلىرى ئۇستىدىكى قىلىچلارنىڭ ئاۋازى قەبرە ئازابىغا يېتەرلىكتۇر»②. ئۇ بولسىمۇ سەبىردۇر (يەنى قىلىچلارنىڭ ئاۋازلىرىغا سەبىر قىلغۇچىدۇر). سىلەر بۇ كاتتا، بۈيۈك پەزىلەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار؟! ئىنسان يەنە نېمە ئۈچۈن الله سبحانه وتعالى نىڭ يولىدا شەھىد ھالەتتە ئۆلتۈرۈلۈشكە ئىشتىياق باغلىمايدۇ!؟

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «(الله يولىدا) ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن چىقىپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقان چاغدا تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان كىشى. ئەنە شۇ گۇناھلاردىن تازىلانغان ۋە پاكلانغان شەھىدتۇر. ئۇنىڭ چېدىرلىرى: الله نىڭ ئەرشى ئاستىدا بولىدۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇلاردىن پەقەت پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەنلا ئارتۇق بولالايدۇ».③ دېمەك، الله نىڭ ھوزۇرىدىكى شەھىدلەرگە كاتتا دەرىجە، ھۆرمەت ۋە پەزىلەتلەر بار. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! پەيغەمبەر ﷺ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ۋە سەييىدى تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى، «غەلىبە قىلىشنى» دېمىدى. ئۇ: «مەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەپ ئۈچ قېتىم

① تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② نەسائى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېدى.① بۇنىڭغا قارىتا ئۆلىمالار مۇجمەللىك ھېس قىلىپ: «پەيغەمبەرلەر قانداق بولۇپ شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسى شەھىدلەرنىڭ مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن تۇرسا؟!» دەيدۇ، ئۆلىمالار ئۆز ئىختىلاپلىرىغا جاۋابەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ (بۇ سۆزى ئارقىلىق) الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى شەھىدنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىشنى ئىرادە قىلغان» دېدى.

دېمەك، شەھىدلەرنىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋىسى كاتتا. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ جەننەتكە كىرگەن. بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكى ھەققىدە ھەدىس كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مەن كېچىدە ئىككى ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئىككىسى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مېنى دەرەخكە ئۆرلەتتى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى مېنى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئەۋزەل ھويلىغا كىرگۈزدى. مەن ئۇنىڭدەك گۈزەل ھويلىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئىككى كىشى ماڭا: ‹بۇ شەھىدلەرنىڭ ھويلىسى› دېدى».② الله أكبر! جەننەتتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ئەۋزەل ھويلا شەھىدلەرنىڭ ھويلىسىدۇر. سىزنىڭ قېشىڭىزغا جىھادتىن توسىدىغان ۋە ياردەمسىز تاشلاپ قويىدىغان كىشىلەر كېلىپ، سىزنى جىھادتىن قايتۇرۇشنى ئىرادە قىلغىنى – ئەمەلىيەتتە سىزنى مۇشۇ ھويلىدىن، يەنى «شەھىدلەر ھويلىسى»دىن مەھرۇم قويۇشنى ئىرادە قىلغىنىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدە

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

② بۇخارى رىۋايىتى.

ئېپادىلەنگەن جەننەتتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ئەۋزەل هويلا بولغان ئۇ كاتتا هويلىدىن ياكى شۇ دەرىجىدىن سىزنى مەھرۇم قويۇپ، اللّٰه يولىدىكى جىھادتىن توسۇپ، ياردەمسىز تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ھەم جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغۇچى كىشىلەرگە تەسىرلىنىپ قېلىشتىن اللّٰه سىزنى ساقلاپ قالغان ئۇ كىشى، ئېھتىيات قىلىڭ! رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تعالى ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرگە ھەقىقەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە تەييارلىدى. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ».① ئاسمان - زېمىننىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟ بەزى ھەدىسلەردە «بەش يۈز يىللىق مۇساپە» دەپ كەلدى. ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تعالى جەننەتتىكى مۇجاھىدلارنىڭ دەرىجىسىنى ئەللىك مىڭ يىل يۇقىرى كۆتۈرىدۇ».

ھازىر سىز شەھرىڭىزدە ۋە يۇرتىڭىزدا اللّٰه قا ئىبادەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ ئولتۇرسىڭىز، شەھىدلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللّٰه تىن ئۆزىنىڭ بۈيۈك پەزىلەتلىرى بىلەن بىزگە ئۆز ھۇزۇرىدىن مەنزىللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

ۋە ئەڭ يۇقىرىسى بولغان شەھىدلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين، وصلى الله وسلم وبارك على نبينا محمد وعلى آله وصحبه وسلم!

# 17- دەرس

# ھدايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يىگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مۇسۇلمان كىشى ھاياتىنىڭ ھەربىر كۈن، ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سېكۇنتلىرىدا ھىدايەتكە ناھايىتى ئېھتىياجلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تعالى بىزگە نامازدا «اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ »(بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن) دېيىشنى پەرز قىلدى. بەزى كىشىلەر: «الحمد لله، مەن ھىدايەت ئۈستىدە، ناماز ئوقۇيمەن، روزا تۇتىمەن ۋە زاكات بېرىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

نېمشقا ‹اهدِنَا الصِّرَاطَ المستَقِيمَ›(بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن)، —يەنى بىزنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن ۋە بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن، ھىدايىتىمىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بەرگىن!— دەپ سورىغۇدەكمەن؟» دەيدۇ. بۇ ھەقتە بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: « ‹اللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي› (ئى اللە، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا يولغا باشلىغىن!) دېگىن».① يەنە بىر رىۋايەتتە: « ‹اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الهُدَى وَالسَّدَادَ› (ئى اللە، مەن سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرا يولنى سورايمەن!) دېگىن». ② دەپ ئۆگەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. سۆزلەرنىڭ جۇغلانمىلىرى بېرىلگەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاراڭ! بۇ ئىككى سۆز نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنىش —بۇ ئومۇمىي سۆز بولۇپ، بىز بارلىق ئەھۋاللىرىمىز ۋە شارائىتلىرىمىزدا، مەخپىي ياكى ئاشكارا ھالەتلىرىمىزدە بولسۇن، توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنىشقا مۇھتاج. بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە بولغاندا، كۆرۈنۈشتە توغرا يول ئۈستىدە، شۇنداقلا ھەق يول ۋە ھىدايەت تاپقۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن پەقەت اللە تعالى بىلەن يالغۇز قالغاندا بولسا، ئۆز رەببىگە ئاسىي بولغانلىقىنى كۆرىسىز. بىز بۇ كىشىگە: «سىز كىشىلەر بىلەن بىللە بولغاندا توغرا يول ئۈستىدە، ئەمما يالغۇز قالغان ۋاقىتتا ئەكسىچە ئىكەنسىز» دەيمىز.

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

بىز مەيلى سىرتقى ھالەتلىرىمىزدە بولسۇن ياكى ئىچكى ھالەتلىرىمىزدە بولسۇن ھەر ۋاقىت توغرا يول ئۈستىدە بولۇشقا مۇھتاج. كۆرۈنۈشتە توغرا ياشاۋاتقان، توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ۋە ھىدايەت تېپىۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى ھالىتى توغرا يول ئۈستىدە ئەمەس. سىز ئۇنىڭ قەلبىدە مۇسۇلمانلارغا قارىتا كىبىر، مەغرۇرلىنىش، ئەجەبلىنىش ۋە ئۆچ كۆرۈشنى تاپىسىز، شۇنداقلا نىفاق، ھەسەت، ئۆچمەنلىك ۋە يەنە كۆپلىگەن قەلبىي كېسەللىكلەرنى بايقايسىز. بىز بۇ كىشىلەرگە: «سىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىز توغرا يول ئۈستىدە، لېكىن ئىچكى ھالىتىڭىز توغرا يول ئۈستىدە ئەمەسكەن. سەۋەبى، قەلبىڭىزدە نۇرغۇن كېسەللەر بولۇپ، سىز ئۇنى داۋالاشقا تولىمۇ مۇھتاج ئىكەنسىز» دەيمىز.

بىز ھەتتا باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ توغرا يول ئۈستىدە بولۇشقا مۇھتاج. سىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سەممىي ۋە ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە گەپ يوشۇرۇپ، گەپ دارىتىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقايسىز.

بىز ھەتتا مۇئامىلىدىمۇ توغرا يول ئۈستىدە بولۇشقا مۇھتاج، قانداقسىگە؟ مەسىلەن، بەزى كىشىلەر ئاتا - ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشتا توغرا يولدا، — اللہ تعالى ئۇ كىشىگە ئاتا - ئانىسىغا ئىتائەت قىلغانلىقىنىڭ ۋە ياخشىلىق قىلغانلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بەرسۇن! — لېكىن ئۇ كىشى ئايالى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە توغرا يولدا ئەمەس، سىز ئۇ كىشىنىڭ ئايالىغا

زۇلۇم قىلىپ، ئۇنى پەس كۆرۈپ، تىللاپ ۋە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بىز بۇ كىشىگە: «سىز ئاتا - ئانىڭىزغا ئىتائەت قىلىشتا توغرا يول ئۈستىدە، لېكىن ئايالىڭىزغا بولغان مۇئامىلىدە توغرا يول ئۈستىدە ئەمەسكەنسىز» دەيمىز.

بىز ھەتتا قۇلاق، كۆز ۋە تىلدىن ئىبارەت ئەزالىرىمىزدىمۇ توغرا يول ئۈستىدە بولۇشقا مۇھتاج. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزى توغرا يولدا، الله تعالى ئۇنىڭغا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن! ئۇ ھارامغا، نامەھرەم ئاياللارغا ۋە ناچار فىلىملەرگە قارىمايدۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭ تىلىنىڭ توغرا يولدا ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تىلىدا غەيۋەت، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، تىللاش، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقنى بايقايسىز. بىز بۇ كىشىگە: «سىزنىڭ كۆزىڭىز توغرا يول ئۈستىدە، لېكىن تىلىڭىز توغرا يول ئۈستىدە ئەمەسكەن» دەيمىز.

ئۇنداقتا، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلار، بىز بارلىق ئەھۋاللىرىمىزدا، شۇنداقلا ھازىرقى شارائىتىمىزدا، بەش يىلدىن كېيىن، ھەتتا ئون يىلدىن كېيىنمۇ ھەم داۋاملىق توغرا يول ئۈستىدە بولۇشقا مۇھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «اللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوب , ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ » «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله، قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن»[1] دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

نۇرغۇن كىشىلەر رامىزاندا توغرا يول ئۇستىدە بولىدۇ. لېكىن رامىزان تۈگىشى بىلەنلا بۇ كىشى قوغلاندى قىلىنغان شەيتاننىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، بىز «توغرا يول» دېگەن سۆزگە ئاگاھ بولىشىمىز كېرەك. يەنى «ئى رەببىم، مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمدا، دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەھۋاللىرىمدا، پىكرىمدە، كۆز قاراشلىرىمدا ۋە مەيدانىمدا توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن!» دەپ (دۇئا قىلىپ تۇرۇشىمىز) كېرەك. الله تعالى نىڭ سىزنى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھىدايەت قىلىشىغا سىز نەقەدەر ئېھتىياجلىق - ھە!

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «اللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي» (ئى الله، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا يولغا باشلىغىن!)[①] دۇئاسىدىكى «السداد» سۆزى، «توغرا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «اهدني» بولسا «مېنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلغىن ۋە ماڭا ھىدايەتنى ئاسان قىلغىن!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، سىلەر بۇ دۇئانى يادلىۋېلىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يەنە «اللَّهُمَّ اهْدِنِي، ويَسِّرِ الهُدى لِي» (ئى الله، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە ھىدايەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن!)[②] دېگەن دۇئاسى بولغان. ئەجەبا قانچىلىك كىشىلەرگە ھىدايەت سەۋەبلىرى ئاسان بولغان؟!

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سىز الله تعالى غا: «اللَّهُمَّ اهْدِنِي، ويَسِّرِ الهُدَى لِي» (ئى الله، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە ھىدايەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن!) دەپ دۇئا قىلىڭ. ھىدايەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان زات كىم؟ ئۇ بولسىمۇ الله. سىز بۇ دۇئانى قىلسىڭىز، تائەت - ئىبادەتلىرىڭىزنىڭ سىزگە ئاسانلاشقانلىقىنى بايقايسىز ھەمدە الله تعالى سىزنىڭ سۆزىڭىز ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىڭىزدىكى ھارام، يامان ئىش ۋە باتىل تەرەپلىرىنى توغرا ھالەتكە سېلىپ قويىدۇ.

بىز سەجدىلىرىمىزدە ۋە بېرىش - كېلىشلىرىمىزدە دائىم «اللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي»(ئى الله، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا يولغا باشلىغىن!) ۋە «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الهُدَى وَالسَّدَادَ» (ئى الله، مەن سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرا يولنى سورايمەن!) دېگەن دۇئالارنى قىلىپ تۇرۇشقا تولىمۇ مۇھتاج. سىلەر الله تعالى غا دائىم بۇ دۇئانى قىلىپ تۇرۇڭلار!

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن بىزنى ھىدايەت قىلىشنى ۋە ئەمەللىرىمىزنى توغرىلاپ بېرىشنى سورايمىز. الله تعالى مېنى ۋە سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن!

# 18- دەرس

# الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ: «الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى.②

ئۇنداقتا، «الله تعالى گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «الله تعالى نىڭ گۈزەللىكى تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: الله نىڭ زاتىدىكى گۈزەللىك، ئىسىملىرىدىكى گۈزەللىك، سۈپەتلىرىدىكى گۈزەللىك ۋە ئىش

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

- پائالىيەتلىرىدىكى گۈزەللىكتىن ئىبارەت».①

ئەڭ گۈزەل نەرسە ﷲ تائالا نىڭ زاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەننەت ئەھلى مەنپەئەتلىنىدىغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەۋزىلى ﷲ تائالا نىڭ جامالىغا قاراش، مانا بۇ جەننەتتىكى نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ بۈيۈكىدۇر. ھەتتا بەزى ئەسەرلەردە «جەننەت ئەھلى ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك، مېھرىبان، كەرەملىك ۋە بۈيۈك بولغان رەببى ﷲ تائالا نى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇلار جەننەتتىكى بارلىق نېمەتلەرنى ئۇنتۇيدۇ» دەپ كەلگەن. لەززەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئۇ بولسىمۇ كەرەملىك ﷲ تائالا نىڭ جامالىغا قاراش نېمىتىدۇر.

ﷲ تائالا نىڭ ئىسىملىرىدىكى گۈزەللىك. ﷲ تائالا نىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ﴾ «ﷲ نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار».② «الْحُسْنَىٰ» دېگەن سۆز: گۈزەللىكتە ئەڭ چېكىگە يەتكەن دېگەنلىك بولىدۇ. ﷲ تائالا نىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئەڭ گۈزەلدۇر.

ﷲ تائالا نىڭ سۈپەتلىرىدىكى گۈزەللىك. ﷲ تائالا نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر.

ﷲ تائالا نىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىكى گۈزەللىك. ﷲ تائالا نىڭ

① ئىبنى قەييىمنىڭ «ألفوائد» كىتابى 201- بەت.

② سۈرە ئەئراف 180- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر.

خۇددى ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، الله تعالى نىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى ئادىللىق، پەزىلەت ۋە ياخشىلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدا ئايلانغۇچىدۇر. الله تعالى زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەيىب - نۇقساندىن پاكتۇر.

دېمەك، «إنّ الله جميل» (الله گۈزەلدۇر) دېگەن ھەدىستىكى الله نىڭ گۈزەللىكىدىن بولغان مەقسەت، الله نىڭ زاتىدىكى گۈزەللىك، ئىسىملىرىدىكى گۈزەللىك، سۈپەتلىرىدىكى گۈزەللىك ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىدىكى گۈزەللىكتۇر.

«الله گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ». الله گۈزەللىكنى نېمىلەردە ياخشى كۆرىدۇ؟ ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «ألفوائد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « <الله گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ>، يەنى ئەخلاقتىكى گۈزەللىك، سۈپەتتىكى گۈزەللىك، قەلبتىكى گۈزەللىك ۋە تىلدىكى گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ».

مۇسۇلماننىڭ تىلى گۈزەل بولسا، ئۇ پەقەت ياخشى، مەنپەئەتلىك ۋە پايدىلىق سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ، شۇنداقلا بىھۇدە، ھارام ۋە الله تعالى نىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى تەرك ئېتىدۇ.

مۇئمىننىڭ قەلبى گۈزەلدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ساپ، سۈزۈك ۋە پاك بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن ئۆچ - ئاداۋەت، شۇنداقلا شېرىك ۋە الله تعالى نىڭ غەيرىگە تەلپۈنۈش بولمايدۇ. بەلكى سىز مۇئمىننىڭ قەلبىدە

ئىخلاس، راستچىللىق، اللە تعالى غا بولغان تەۋەككۇل، ئىشەنچ ۋە اللە تعالى غا ياخشى گۇمان قىلىش سۈپەتتىنى تاپىسىز.

شۇنىڭدەك، اللە تعالى مۇئمىنىنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە قەلبىدىكى گۈزەللىكىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر بۇ بۈيۈك دىنىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى گۈزەللىككە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىلەر. ئىسلام بۇيرىغان تەبىئىي سۈننەتلەر، يەنى ئەۋرەتنىڭ موييلىرىنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ موييلىرىنى يۇلۇش، تىرناقلارنى ئېلىش ۋە بۇرۇتنى قىرقىش، مانا بۇلار تاشقى گۈزەللىكتۇر. ئىچكى گۈزەللىك بولسا، قەلبىڭىزنىڭ ساپ، سۈزۈك ۋە پاك بولۇشىدۇر.

دېمەك، اللە تعالى سىزنىڭ قەلبىڭىز، تىلىڭىز، ئەزالىرىڭىز، قولىقىڭىز، كۆزىڭىز، قولىڭىز ۋە پۇتىڭىزنى ھارامدىن ساقلىشىڭىزنى ياخشى كۆرىدۇ. كىمكى ئۆز ئەزالىرىدا ياكى تىلىدا ۋە ياكى قەلبىدە ھارامغا چۈشۈپ قالسا، بىز ئۇنىڭغا: «سىزدە رەببىمىز ياخشى كۆرىدىغان گۈزەللىك يوقكەن» دەيمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كىشىلەرنى اللە تعالى ئالدىدا گۈزەل بولۇشقا قىزىقتۇرىمىز. كىشىلەر ھازىر ئۆزىنى ئىنسانلار ئالدىدا گۈزەللەشتۈرۈۋاتىدۇ. سىلەر بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئوڭ - تەتۈر ۋە قالايمىقان كەيگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇ كىيىمىنى ئوڭ - تەتۈر كەيمەيدۇ. ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۇ: «مەن پاكىز ۋە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىم كېرەك ھەمدە مېنىڭ قىياپىتىم، قەددى - قامىتىم ۋە سۈرىتىم كىشىلەر ئالدىدا چىرايلىق بولۇشى كېرەك» دەۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا، سىزنىڭ اللە تعالى ئالدىدىكى گۈزەللىكىڭىز ۋە ئىچكى گۈزەللىكىڭىز قېنى؟

رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اللە تعالى سىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ».① اللە تعالى ئەمەللىرىڭىزنىڭ پاك بولۇشىنى ھەمدە قەلبىڭىزنىڭ نىجىسلىق، يامانلىق، كىر ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن پاك بولۇشىنى ئىرادە قىلىدۇ. بۇلار ئىچكى گۈزەللىكتۇر.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

① مۇسلىم رىۋايىتى.

# 19- دەرس

# مەدھىيلەش ۋە دۇئا قىلىش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

سۆزىمىزنىڭ تېمىسى: مەدھىيىلەش ۋە دۇئا قىلىش

سەھىھ مۇسلىمدىكى ھەدىستە، بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، ماڭا مەن ئوقۇيدىغان سۆز ئۆگىتىپ قويغىن» دېدى. ئۇ كىشىگە ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيىچىسى بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نېمە دېدى؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: « ‹لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ ، اللهُ أَكْبَرُ كَبِيراً ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ كَثِيراً ، سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ› (تەرجىمىسى:

---

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، اللە ئەڭ بۈيۈكتۇر، بارچە مەدھىيە اللە قا خاستۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى اللە نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللە قا خاستۇر) دېگىن» دېدى. ئاندىن ئۇ ئەئرابى: «ئى اللە نىڭ ئەلچىسى، بۇ سۆزلەر رەببىم ئۈچۈن» دېدى.①

ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى اللە تعالى نى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاش، ماختاش ۋە اللە تعالى نى مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. اللە تعالى نى مەدھىيىلەشنى اللە تعالى نىڭ كىتابىدىن ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدىن ئالغانلىقىمىز ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ياخشى.

(قۇرئان كەرىمدە) اللە تعالى نى مەدھىيىلەش ۋە ماختاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن.

﴿بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَإِذَا قَضَى أَمْراً فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ﴾ «اللە ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، ‹ۋۇجۇدقا كەل› دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ».②

﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ ۞ اللَّهُ الصَّمَدُ ۞لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ۞ وَلَمْ يَكُن لَّهُ

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② سۈرە بەقەرە 117- ئايەت.

﴿كُفُواً أَحَدٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ — اللّٰه بىردۇر [1]. ھەممە اللّٰه قا موھتاجدۇر [2]. اللّٰه بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4]»①.

﴿اللّٰهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ «بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر»②.

اللّٰه نىڭ ئايەتلىرى بىزگە اللّٰه تعالى نى ئۇلۇغ ۋە ئالىي تونۇتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز رەببى اللّٰه تعالى نى مەدھىيلەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆزلەرنىڭ جۇغلانمىلىرى (يەنى ئۆزى يىغىنچاق، ئەمما مەزمۇنى مول سۆزلەر) بېرىلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئەئرابىنىڭ نېمىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «سەن رەببىڭگە دۇئا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى مەدھىيلىگىن» دەپ يول كۆرسىتىپ، تەلىم بەرمەكتە.

سىلەر بۇ مەدھىيە سۆزلىرىگە قاراڭلار: «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ» (اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر). اللّٰه أكبر! يەنى بۇنىڭدا اللّٰه تعالى نىڭ ئۇلۇھىيەتتە يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بار. اللّٰه تعالى ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان يەككە - يېگانە زاتتۇر.

① سۈرە ئىخلاس.

② سۈرە بەقەرە 255- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«اللهُ أَكْبَرُ كَبِيراً» (الله ئەڭ بۈيۈكتۇر). يەنى الله تعالى ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ۋە ئىلمىدە بارچە شەيئىدىن ئەڭ كاتتا ۋە بۈيۈكتۇر.

«وَالْحَمْدُ لِلَّهِ كَثِيراً» (بارچە مەدھىيە الله قا خاستۇر). يەنى سەن الله قا ھەمدىنى ئاز ئېيتماي بەلكى كۆپ ئېيتقىن.

«سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» (ئالەملەرنىڭ رەببى الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن). يەنى بۇ، الله تعالى نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.

«لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» (بارلىق كۈچ -قۇۋۋەت الله قا خاستۇر). ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدھىيىلەشنى الله نىڭ ئىسىملىرىدىن بولغان «الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ» ئىككى سۈپەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. «الْعَزِيزِ» يەنى غالىب، «الْحَكِيمِ» يەنى الله كاتتا ھېكمەت ئىگىسىدۇر. الله نىڭ شەرىئىتىنىڭ ھەممىسىدە ھېكمەت، ھىدايەت ۋە مەنپەئەت بار. مانا، الله نىڭ تەقدىرىي ھۆكۈمىمۇ شۇنىڭدەك بولىدۇ. الله تعالى ئۇنىڭدا پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا ھۆكۈم قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا رەببى الله تعالى نى مەدھىيىلەشنى ئۆگەتتى. بۇ خۇددى «سۈرە فاتىھە»گە ئوخشايدۇ. «سۈرە فاتىھە»نىڭمۇ بېشى مەدھىيە ۋە ئاخىرى دۇئادۇر. «سۈرە فاتىھە»دىكى ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ

الْعَالَمِينَ ۞ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ۞ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ۞﴾ «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا خاستۇر [2]. اللّٰه ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر [3]. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر [4]» دېگەن ئاۋۋالقى ئۈچ ئايەتنىڭ ھەممىسى اللّٰه تعالى نى مەدھىيىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاندىن ئاخىرقى ئۈچ ئايەتنىڭ ھەممىسى اللّٰه تعالى غا دۇئا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ﴿۞اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ۞ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ۞﴾ دېمەك، فاتىھەنىڭ بېشى مەدھىيە، ئاخىرى دۇئادۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى، يەنى ئۇنىڭغا (اللّٰه تعالى نى) مەھىيىلەشنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن، مۇسۇلمان كىشى ئۇ دۇئانى سەجدىلىرىدە ئوقۇسا بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ «الأذكار» ناملىق كىتابىدا، «ئىنسان بۇ دۇئا - زىكىرلەرنى ھەر ۋاقىت ئوقۇيدۇ» دېگەن.

سىز بۇ دۇئا ۋە زىكىرلەرنى سەجدىلىرىڭىزدە، بېرىپ - كېلىشلىرىڭىزدە ۋە كېچە - كۈندۈز ھەر قانداق ۋاقىتتا ئوقۇڭ!

سىز اللّٰه تعالى غا مەدھىيە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆگەتكەن دۇئا بىلەن سوراڭ! ئالدىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى اللّٰه نى

مەدھىيلەش، ماختاش ۋە مۇقەددەس بىلىشتۇر. ئاندىن ھېلىقى ئەئرابى: «ئى اللە نىڭ ئەلچىسى، ئۆزەم ئۈچۈن نېمىنى ئوقۇيمەن؟» دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «<اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي> (ئى اللە، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق بەرگىن!) دېگىن» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «<عَافِنِي> (مېنى كەچۈرگىن!)» دېدى.①

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلار، بۇ ھەدىسنىڭ مېۋىسى نېمە؟

ئاجايىپ ھەيران قالارلىق بۇ تۆت سۆزنىڭ مېۋىسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بايان قىلىپ بەردى. بىز «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي» دېگەن بۇ دۇئانى دائىم ئوقۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. يەنى سىز اللە تەئالانى مەدھىيلەپ بولغاندىن كېيىن بۇ سۆزلەرنى ئوقۇڭ!

ئەگەر سىز بۇ سۆزلەرنى دائىم ئوقۇپ تۇرسىڭىز، بۇ سۆزلەر سىزنىڭ دۇنيالىقىڭىز ۋە ئاخىرەتلىكىڭىزنى جەملەپ بېرىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلىپ بەردى.

مانا بۇ، مۇشۇ دۇئانىڭ مېۋىسىدۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ كىشىنىڭ قولى ياخشىلىققا تولدى» دېگەن.②

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② بەيھەقى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ھېلىقى ئەئرابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا دۇئانى سوراپ كەلگەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ كىشىنىڭ قولى ياخشىلىققا تولدى» دېگەن.

كىمكى بۇ مەدھىيىنى دۇئا بىلەن دائىم ئوقۇپ تۇرسا، ﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قولى كاتتا ياخشىلىققا تولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى جەملىنىدۇ. بۇ دۇئا ھەممىنى (يەنى ھەممە ياخشىلىقنى) ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي دۇئالارنىڭ قاتارىدىن دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ﷲ تعالى نى مەدھىيىلەشتىكى ۋە دۇئا قىلىشتىكى بەش سۆز:

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي» (ئى ﷲ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن!). «المغفرة» نىڭ مەنىسى: يۆگەش ۋە ئۆتۈۋېتىش دېگەنلىكتۇر. يەنى سىز ﷲ تعالى دىن سىزنى مەغپىرەت قىلىشنى، سىزنىڭ ئەيىبلىرىڭىزنى يۆگىشىنى ۋە سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزدىن ئۆتۈۋېتىشىنى سورىسىڭىز، ﷲ تعالى سىزنى دۇنيادا، قەبرىدە ۋە ئاخىرەتتە ئازابلىمايدۇ.

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَاهْدِنِي» (ئى ﷲ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ھىدايەت قىلغىن!). «وَاهْدِنِي»: يەنى «ئى رەببىم، مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلىرىمدا، كۆز قارىشىمدا، پوزىتسىيەمدە ۋە مۇئامىلەمدە توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن!».

«وَارْحَمْنِي» (ماڭا رەھمەت قىلغىن!): يەنى «ئى رەببىم، ماڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمەت قىلغىن». بىر كىشىنىڭ كاتتا نىجاتلىققا ئېرىشكەنلىكى

ﷲ تائالانىڭ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم قىلغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«وَاهْدِنِي» ( مېنى ھىدايەت قىلغىن!). بۇنى بىز يۇقىرىدا شەرھلەپ بولدۇق.

«وَارْزُقْنِي» (ماڭا رىزىق بەرگىن!). رىزىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، مۇئمىن، كاپىر، ئىنسان ۋە ھايۋان بارلىق مەخلۇقلارغا ئومۇمىي بولغان رىزىق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ يېمەك - ئىچمەك، جۈپلىشىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا رىزىقلاردىن ئىبارەت؛ يەنە بىرى، خاس بولغان رىزىق بولۇپ، ئىنسان ئۆز رەببىگە مۇشۇ دۇئالار بىلەن دۇئا قىلغان ۋاقىتتىلا، بۇنى ھېس قىلالايدۇ. «اللَّهُمَّ ارْزُقْنِي» (ئى ﷲ، ماڭا رىزىق بەرگىن!): يەنى «ئى رەببىم، ماڭا ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى، خۇشۇئنىڭ ھەقىقىتىنى، ساداقەتنىڭ ھەقىقىتىنى، ئىخلاسنىڭ ھەقىقىتىنى، تەۋەككۈلنىڭ ھەقىقىتىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن». ﷲ تائالادىن سىزگە راستچىل ئىماننى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سوراڭ.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلار، بۇ دۇئا بىلەن مەدھىيە - ماختاشلارنى يادا ئېلىشىمىز زۆرۈر.

بۇ دۇئالار «حصن المسلم» (يەنى مۇسۇلماننىڭ قورغىنى) ناملىق زىكىر كىتابىدا بار. بەزى كىشىلەر: «مەن بۇ دۇئانى قەيەردىن تاپىمەن؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن ئۇ كىشىگە: «سىز ئۇنى ‹مۇسۇلماننىڭ

قورغىنى»ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدىن تاپالايسىز، بۇ كىتاب نۇرغۇن كىشىلەردە بار» دەيمەن. سىلەر ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان يۇقىرىقى ھەدىسنى يادا ئېلىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇنى سەجدىلىرىڭلاردا، بىرىپ - كېلىشلىرىڭلاردا ۋە ھەر دائىم تەكرار ئوقۇپ تۇرۇڭلار. بۇ ھەدىستە كاتتا مەنپەئەت، ياخشىلىقلار ۋە دۇنيا - ئاخىرەتلىك بەرىكەتلەر بار.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 20- دەرس

# جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، بىز بۇ ئۈچرىشىشىمىزنى (جەننەت سۈپەتلىرىگە) خاس قىلدۇق. الله خالىسا، تۆۋەندە جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتىمەن. الله تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ، جەننەتنىڭ، ھۆر - ئەينلەرنىڭ، دەرەخلەرنىڭ ۋە جەننەتتىكى قەسىرلەرنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەرنى بايان قىلدى. لېكىن خۇددى بەزى ئۆلىمالار ئېيتقاندەك، جەننەت نېمەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى الله تعالى نىڭ بۇ ئايىتى

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ: ﴿وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ﴾ «جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار».①

سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتتە بار.

بۇ ئۇچرىشىشىمىزدا، مەن پەقەت بىر ھەدىس بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن. سىلەرگە مەلۇم، بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر قانچە مىنۇتلا ئەتراپىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا مەن پەقەت رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر ھەدىسى بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە مەن سىلەرگە «حادي الأرواح» دېگەن كىتابنى ئوقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزەللىرى ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ «حادي الأرواح» دېگەن كىتابىدۇر.

بىز تۆۋەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەققىتىنى بايان قىلىپ بەرگەن بىر ھەدىس بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! سىز ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ۋە ھەر دەقىقە جەننەتتە نېمەتلىنىپ تۇرىسىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە، بىر جاكارچى ئىندا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹ئى جەننەت ئەھلى! — يۇقىرىدا بىز

① سۈرە زۇخرۇف 71- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەپ ئۆتكەندەك، ھازىر رەسۇلۇللاھ ﷺ قەلب تارىمىزنى چېكىپ تۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئەڭ مۇھىم ھېسابلانغان تۆت نەرسىنى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرىنچىسىنى بايان قىلىپ، — سىلەر ھايات ياشايسىلەر، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر»(1). الله أكبر! جەننەتتە ئۆلۈم يوق. سىز جەننەتتە مىليارد - مىليارد يىللار ئۆلمەي ياشايسىز. جەننەتتە مەڭگۈ ئۆلۈم يوقلىقىغا سىزگە كېپىللىك بېرىلدى.

سىلەر ھازىر كىشىلەرنىڭ «ئۆلۈم» دېگەن نەرسىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى بىلىسىلەر. الله يولىدىكى مۇجاھىدلار ئەكسىچە ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. الله يولىدىكى مۇجاھىد الله يولىدىكى شەھىدلىككە ئاشىق بولىدۇ. ئۆلۈمدىن بولسا الله يولىدىكى جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەر قورقىدۇ. ئەمما الله يولىدىكى مۇجاھىدلار الله قا ئۇچرىشىشقا ۋە جەننەتكە ئاشىق. رەسۇلۇللاھ ﷺ سىزگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھايات ياشايسىلەر، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر». دېمەك، جەننەتتە ئۆلۈم يوق.

بەزىدە كىشىلەر سىلەردىن: «جەننەت ئەھلى ئۇخلامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن مۇھىم ۋە ھېسسىي سۇئال. جەننەت ئەھلى ئۇخلامدۇ؟ ياق، جەننەت ئەھلى ئۇخلىمايدۇ، جەننەتتە چارچاش يوق. دېمەك، جەننەتتە ئۇيقۇ يوق. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئىنسان جەننەتتە ئۇخلىماي مىليارد يىللار ياشايدۇ. سىز ئەگەر: «بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟» دەپ سورىسىڭىز، مەن: «الله ھەممىگە قادىردۇر» دەپ

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب بېرىمەن. سىلەر بۇ قىممەتلىك قائىدىنى يادلىۋېلىڭلار: «دۇنيانىڭ ئەھۋاللىرى ئاخىرەتنىڭ ئەھۋاللىرىغا سېلىشتۇرۇلمايدۇ».

بىرىنچى نەرسە: «سىلەر ھايات ياشايسىلەر، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سالامەت بولىسىلەر، مەڭگۈ كېسەل بولمايسىلەر» دېدى. جەننەتتە كېسەل بولۇش يوق. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! جەننەتتە ھەتتا ئەڭ يېنىك كېسەللەردىن زۇكام، باش ئاغرىق ۋە تېرە كېسەللىمۇ يوق. جەننەتتە سىزگە «مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، دۈمبەم ئاغرىۋاتىدۇ، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېيىشمۇ يوق. دېمەك، كېسەل يوق. سىز جەننەتتە كېسەل بولمايسىز. جەننەتتە ھېچقانداق كېسەل بولماي مىليارد يىللار ياشاشقا سىزگە كېپىللىك بېرىلدى. بۇ مەسىلە (ئىنسانلار ئۈچۈن) ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ھازىر كىشىلەر راك كېسىلى ۋە دىئابىت كېسىلى (يەنى قەنت سىيىش كېسىلى)گە ئوخشاش نۇرغۇن كېسەللەردىن قورقۇۋاتىدۇ. لېكىن جەننەتتە كېسەل بولۇش يوق، خالىغاننى يەيسىز، خالىغاننى ئىچىسىز ۋە خالىغان نەرسىلەردىن مەنپەئەتلىنىسىز.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچىنچى مەسىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نېمەتلىنىپ تۇرىسىلەر، مەڭگۈ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر». ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، جەننەتتە قىيىنچىلىق، غەم - قايغۇ، قايغۇرۇش، بىئارام بولۇش ۋە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ھەتتا بىرەر سۆز بىلەن خاپا قىلىدىغان كىشىمۇ يوق. مەن سىلەرگە ئېيتقىنىمدەك، جەننەتنىڭ نېمەتلىرى مەڭگۈ داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. جەننەتتە ھەر مىنۇت، ھەر

سىكۇنت نېمەتلىنىپ تۇرىسىز ۋە 24 سائەت كۆڭلىڭىز خالىغان نەرسىلەر، لەززەتلەر، بەخت - سائادەت ۋە خۇرسەنچىلىك ئىچىدە بولىسىز. خۇددى دوزاخ ئەھلى 24 سائەت راھەتسىزلىك ۋە ئازاب ئىچىدە بولغىنىدەك، — اللە تعالى دىن سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىكنى سورايمىز! — جەننەت ئەھلى 24 سائەت، ھەرمىنۇت، ھەر سىكۇنت نېمەت ۋە لەززەت ئىچىدە بولىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، جەننەت نېمەتلىرى دۇنيا نېمەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەدىستە تۆتىنچى نەرسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياش تۇرىسىلەر، مەڭگۈ قېرىمايسىلەر»①. ئىنسان جەننەتتە قېرىمايدۇ، يېشى چوڭايمايدۇ، يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلىپ بەرگىنىدەك، جەننەت ئەھلىنىڭ يېشى 30 ياش ياكى 33 ياش بولۇپ، مۇشۇ چەكتە توختايدۇ. گەرچە سىز جەننەتتە چەكسىز مىليارد يىللار ياشىسىڭىزمۇ، سىزنىڭ يېشىڭىز زىيادە بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن، ئۆلۈمدىن، كېسەلدىن، ئاجىزلىقتىن ۋە ياكى قېرىپ كېتىشتىن قورقىدۇ. جەننەتتە قېرىپ كېتىش يوق. يەنى جەننەتتە ئىنساننىڭ يېشى چوڭىيىپ قېرىپ كېتىدىغان ئەھۋال يوق.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەدىستە بايان قىلغان بۇ تۆت نەرسە بىزگە جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ قەدىرلىك

---

① تۆتكە بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان بۇ ھەدىسنىڭ تولۇق شەكلى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە بىر جاكارچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ: ‹سىلەر ھايات ياشايسىلەر، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر؛ سالامەت بولىسىلەر، مەڭگۈ كېسەل بولمايسىلەر؛ ياش تۇرىسىلەر، مەڭگۈ قېرىمايسىلەر؛ نېمەتلىنىپ تۇرىسىلەر، مەڭگۈ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر.›» (مۇسلىم رىۋايىتى)

قېرىنداشلىرىم، بىز ۋاقىتلىرىمىزنى اللە تائالا غا ئىتائەت قىلىشقا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. ئىنساننىڭ جەننەتكە بولغان ئىشتىياقى ۋە قىزىقىشى ئاشسا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ ۋە يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىدۇ، ھەتتا رەب تائالى ئۇ كىشىنى ئۆز رەھمىتى ۋە كەرەمى بىلەن جەننەتكە كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تائالى دىن مېنى ۋە سىلەرنى جەننەت ئەھلىدىن قىلىشنى ھەمدە مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيمەن، ئامىن!

# 21- دەرس

## قانداق قىلغاندا شۈكۈر قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولالايمەن؟

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بەزى كىشىلەر: «مەن قانداق قىلغاندا شۈكۈر قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولالايمەن؟» دەپ سورايدۇ.

الله تعالى نىڭ نېمەتلىرى كېچە - كۈندۈز، ھەر مىنۇت، ھەر ئورۇندا دائىم مۇسۇلمان بىلەن بىرگە بولىدۇ. بىز الله تعالى نىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرۇشقا نەقەدەر ئېھتىياجلىق - ھە! الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ﴾ «نېمىتىمگە شۈكۈر

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن»① بۇ الله تعالى نىڭ ۋەدىسى ۋە الله تعالى ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ﴾ «ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر».② الله تعالى قىيامەت كۈنى بىزدىن بۇ نېمەتلەر توغرۇلۇق سورايدۇ. بۇ نېمەتلەر قايسى؟ بەزى ئۆلىمالار: «تەن ساغلاملىقى» دەيدۇ، بۇمۇ ھەم نېمەتلەرنىڭ قاتارىدىن. يەنە بەزى ئۆلىمالار: «سوغۇق سۇمۇ نېمەتلەر قاتارىدىن» دەيدۇ. قىيامەت كۈنى سورىلىدىغان نېمەتلەر توغرىسىدا سەلەفلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى ئوخشاش بولمىدى. تابىئىنلاردىن بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مۇزەنى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەم بالىسى، سەن الله تعالى نىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ مىقدارىنى بىلىشنى خالىساڭ، ئىككى كۆزۈڭنى بەش مىنۇت يۇمغىن! — مەن ئېيتىمەنكى، ئىككى كۆزۈڭنى بىر سائەت يۇمغىن، — ئىككى كۆزۈڭنى بەش مىنۇت يۇمۇپ تۇرۇپ قاراپ باق! سەن بۇ دۇنيانى قانداق كۆردۈڭ؟ مانا بۇ — الله تعالى نىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كۆز نېمىتى، خالاس».

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَتَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا﴾ «سىلەر الله نىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر».③ الله نىڭ بىزگە

① سۈرە ئىبراھىم 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە تەكاسۇر 8- ئايەت.

③ سۈرە ئىبراھىم 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاتا قىلغان نېمەتلىرى قانچىلىك؟ مىلياردمۇ؟ ياق، مىلياردلاردۇر. ئۆلىمالاردىن بىرى ئېيتقاندەك، ئىنسان بىر كۈندە 24 مىڭ قېتىم نەپەسلەنسە، 24 مىڭ نېمەت بولىدۇ. كۆز نېمەتلىرى، ئىككى قول نېمەتلىرى، ئىككى پۇت نېمەتلىرى، تىل نېمەتلىرى، قۇلاق نېمەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نېمەتلەرنى سانىساق ئانداق بولۇپ كېتەر؟! ئەجىبا بىز الله تعالى نىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ھېس قىلالىدۇقمۇ؟ سىز ھەر كۈنى خەۋەر ئاڭلاپ تۇرىسىز، يەنى كەلكۈن، يەر تەۋرەش، جەڭ، بالايى - ئاپەت، قارا بوران، قۇيۇن ۋە دۇنيادا تارقىلىۋاتقان كېسەللەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ھەمدە سىز تۇرۇۋاتقان يەردىن باشقا يەردە بولۇۋاتقان خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇرىسىز. سىز بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، الله نىڭ سىزنى سالامەت قىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىڭ. «ئۇ مۇسىبەتلەردىن بىزنى سالامەت قىلغان الله قا چەكسىز ھەمدە - سانالار بولسۇن!» دەڭ.

مەسجىدكە كېتىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، الله تعالى نىڭ ئۆز رەھمەت - كەرەمى بىلەن سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ۋە سىزنى ناماز ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن قىلغانلىق نېمىتىنى ئەسلەڭ! بامدات نامىزى ۋاقتىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە قارىسىڭىز، ئۇلارنىڭ تېخى شېرىن ئۇيقۇدا ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز! لا حول ولا قوة إلا بالله!

الله تعالى ئۆز رەھمىتى ۋە كەرەمى بىلەن بۇ نېمەتلەرنى سىزگە ئاتا قىلدى. بۇ نېمەتلەر سىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭىز ۋە بىلىمىڭىز بىلەن كەلمىدى، بەلكى الله تعالى تەرىپىدىن كەلدى. الله تعالى بۇ نېمەتلەرنى

سىزگە ئاتا قىلدى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ناماز ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن سىزنى مەسجىدكە بېرىشقا مۇۋەپپەق قىلدى.

مەن ئېيتىمەنكى، الله تعالى نىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ناھايىتى كۆپ. سىز يولدا مېڭىۋاتقىنىڭىزدا قانچىلىغان ھادىسىلەرنى ئۇچرىتىسىز، بۇنداق ۋاقىتلاردا سىز الله تعالى غا ھەمدۇ - سانا ئېيتىڭ. بەزى كىشىلەر بالا - قازا ھادىسىلەرنى كۆرۈپمۇ يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدۇ. ياق، سىزنى سالامەت قىلغان الله قا ھەمدە - سانا ئېيتىڭ! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللا مۇنداق دېگەن: «شۈكۈر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: قەلبنىڭ شۈكۈر قىلىشى، تىلنىڭ شۈكۈر قىلىشى ۋە ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى».

ئۇنداقتا، قەلبنىڭ شۈكرانىسى قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىر مۇھىم سوئال. بەزىلەر ھەيران قېلىپ: «قەلبنىڭ شۈكرانىسى قانداق بولىدۇ؟»دەپ سورايدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېدى: «قەلبنىڭ شۈكۈر قىلىشى بولسا سىزدىكى نېمەتلەرنىڭ پەقەت يەككە - يېگانە، شېرىكى يوق الله تعالى تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى قەلبىڭىزنىڭ قېتىدىن، يۈرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ھەقىقي ئېتىراپ قىلىشىڭىزدۇر». ئەگەر سىز كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسىڭىز، بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن الله تعالى تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى، يەنى «الله تعالى ماڭا بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى ۋە مېنى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇش بىلەن ھۆرمەتلىدى» دەپ ھېس قىلسىز. ئەگەر سىز قۇرئان ئوقۇسىڭىز، ھەجگە بارسىڭىز ۋە سىزگە كۆپ ماللار بېرىلسە، بۇ نېمەتلەر سىزگە كەلگەن ۋاقىتتا: «بۇ الله تعالى نىڭ پەزلى - كەرەمى» دەپ

ھېس قىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ھەر ئەتىگەن ۋە كەچتە ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكرلەرنى ئوقۇش يولغا قويۇلدى. سىز اللە نىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەڭ ۋە اللە نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىڭ. «اللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَةٍ أَوْ بأَحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، فَلَكَ الحَمْدُ، وَلَكَ الشُّكْرُ»(تەرجىمىسى: ئى اللە، ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكۈر ساڭا خاستۇر)①. سىز بۇ دۇئانى ئەتىگەندە ئوقۇسىڭىز، كۈندۈزنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىسىز؛ ئەگەر ئۇنى كەچتە ئوقۇسىڭىز، كېچىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىسىز.

سىز اللە قا قەلبىڭىز بىلەن شۈكۈر ئېيتىڭ. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، سىزگە قانداق بىر نېمەت ياكى ياخشىلىق كەلسە، سىز بۇنى «اللە تعالى نىڭ پەزلى - رەھمىتى ۋە كەرەمى» دەپ ھېس قىلىڭ! سىز ھەرگىزمۇ «بۇ نېمەت مېنىڭ ئىلمىم، تېخنىكام، تەجرىبەم، ئەقلىم ۋە كەشپىياتىم بىلەن ھاسىل بولدى» دېمەڭ. ياق، سىز ھېچ ئىش قىلالمايسىز، بەلكى «بۇ نېمەت — اللە تعالى نىڭ بىزگە ئاتا قىلغان پەزلى» دەڭ. «الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لَكَ الْحَمْدُ وَالشُّكْرُ يَا رَب» (جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا خاستۇر. ئى رەببىم، مېنى

① ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

بۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا چەكسىز ھەمدۇ - سانا ۋە شۈكۈرلەر بولسۇن!).

تىلىنىڭ شۈكرانىسى قانداق بولىدۇ؟ تىلىنىڭ شۈكرانىسى — سىزنىڭ اللە تعالى نىڭ نېمەتلىرىنى سۆزلىشىڭىز ۋە اللە تعالى ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە دائىم شۈكۈر ئېيتىشىڭىزدۇر.

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)».[1] سىز اللە تعالى نىڭ نېمەتلىرىنى سۆزلەڭ. اللە تعالى سىزنى ۋەقە - ھادىسىلەردىن ساقلىسا «الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» (جىمى ھەمدۇ - سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا خاستۇر) دەڭ. تىلىڭىزدا «الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» دېگەن كەلىمىنى دائىم زىكىر قىلىپ تۇرۇڭ ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: « ‹الْحَمْدُ لِلَّهِ› مىزاننى توشقۇزىدۇ» [2] دېگەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ. نۇرغۇن كىشىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلالمىغان ۋە قىممىتىنى بىلەلمىگەن بۇ سۆز « اللە تعالى نىڭ مىزانىدا

[1] سۈرە زۇھا 11- ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

بولىدۇ». رەسۇلۇللاھ ﷺ: « ‹اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ› مىزانىنى توشقۇزىدۇ»① دېدى.

بىز اللە تعالى نىڭ نېمەتلىرىنى تەكەببۇرلۇق يولى ياكى رىيا ۋە باشقىلارغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن سۆزلەشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك (اللە ساقلىسۇن!). بەلكى بىز بۇ نېمەتلەرنى اللە تعالى غا نىسبەت بېرىش يولى ۋە اللە تعالى نىڭ بىزنى مۇشۇ نېمەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا ئاساسەن سۆزلىشىمىز لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن ياكى بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق كەلگەن: «اللە نىڭ نېمەتلىرىنى سۆزلەش بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ».

اللە تعالى دائىم ئۆزىگە ھەمدە ئېيتقان ۋە شۈكۈر قىلغان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن سىلەرگە بىر مىسالنى بايان قىلىپ بېرەي. ئەگەر دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ خەلقلىرى بىرەر سورۇندا ئولتۇرغان ۋاقتىتا، بۇ پادىشاھنىڭ ياخشى گېپىنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ بىزگە ئۆيلەرنى بەردى، مائاشىمىزنى زىيادە قىلىپ بەردى، قەرزىمىزنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە باج - سېلىقنى بىكار قىلىۋەتتى» دەپ ماختىسا، — ھازىر مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە «باج» دەپ ئاتالغان سېلىقلار نېمدېگەن كۆپ! ئەمەلىيەتتە بۇ باج ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى باتىل يول بىلەن يەۋېلىش، — بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق بولار؟ ئۇ خۇشال بولۇپ: «بۇ كىشىلەر نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىپتۇ» دەيدۇ. اللە ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مىساللار بار. بىز خالىقنى مەخلۇققا ئوخشاتمايمىز،

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

اللە ساقلىسۇن! لېكىن اللە تعالى دائىم ئۆزىنى ماختايدىغان، مەدھىيىلەيدىغان ۋە شۈكۈر قىلىدىغان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا، شۈكۈر قىلىشنىڭ قەلبىنىڭ شۈكۈر قىلىشى، تىلىنىڭ شۈكۈر قىلىشى ۋە ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۈكۈر قىلىشنىڭ ئۈچىنچى تۈرى: ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى. قايسى ئەزالار؟ ئەزالاردىن مەقسەت: قۇلاق، كۆز، تىل، ئىككى قول، ساغلاملىق ۋە سالامەتچىلىكتۇر. مانا بۇ ئەزالار بىلەن شۈكۈر قىلىشنى «ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى» دەيمىز.

ئۇنداقتا، ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى قانداق بولىدۇ؟ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى بولسا سىز ھەربىر ئەزالىرىڭىزنى اللە قا ئىتائەت قىلىشقا ۋە اللە نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە بويسۇندۇرۇشىڭىزدۇر. مانا بۇ ئەزالارنىڭ شۈكۈر قىلىشى دېيىلىدۇ».

كىمكى ئۆزىنىڭ ئەزالىرىنى اللە قا ئاسىي بولۇشقا، گۇناھ ئىشلارغا ۋە ھارام نەرسىلەرگە قاراشقا بويسۇندۇرسا، بىز ئۇ كىشىگە: «سىز اللە نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلدىڭىز» دەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەر سەھەردە ھەربىر ئۇگىلىرىڭلارغا قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك سەدىقە باردۇر» دېدى.[1] ھەر بىر ئىنساننىڭ جىسمىدا 360 پارچە سۆڭەك بار، ئۇنىڭ بەزىسى ئاشكارا ۋە بەزىسى مەخپىي. ھەر سەھەردە ئىنسانلارنىڭ ھەربىر ئۇگىلىرىگە قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك سەدىقە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

باردۇر. ھەربىر تەسبىھ سەدىقە، ھەربىر ھەمدە سەدىقە ۋە ھەربىر تەكبىر سەدىقىدۇر. ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ: «چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ» دېدى.① ئەگەر سىز ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇماقچى بولسىڭىز، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ بولغۇچىلىك سىزنىڭ تەخمىنەن ئون مىنۇت ۋاقتىڭىزنى ئالىدۇ، خالاس. بۇ ئىككى رەكئەت ناماز خۇددى سىزنىڭ ھەربىر ئەزالىرىڭىزنىڭ الله تعالى نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئۆلىمالار شۇنداق ئېيتىدۇ: «چۈنكى نامازدا ئىنساننىڭ بارلىق سۆڭەكلىرى ھەرىكەتلىنىدۇ» (سبحان الله!) نامازدا بارلىق جەسەتلىرىڭىز ھەرىكەتلىنىدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە ھەم بارلىق ئەزالىرىڭىز، ھەتتا تىلىڭىزمۇ ھەرىكەتلىنىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەگەر بىز شۈكۈر قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولۇشنى ياخشى كۆرسەك، الله تعالى غا چوقۇم قەلبلىرىمىزدە، تىللىرىمىزدا ۋە بىز الله تعالى غا ئىتائەت قىلىشتا بويسۇندۇرىدىغان ھەربىر ئەزالىرىمىزدا شۈكۈر قىلىشىمىز زۆرۈر.

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن ئۆزىگە شۈكۈر قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلىشنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# 22- دەرس

## قانداق قىلغاندا ھاياتىڭىزنى ئەۋزەل ئەمەللەرگە ئۆزگەرتەلەيسىز؟

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بىز بۈگۈن چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، ئىلىملىك - ئىلىمسىز، باي - كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئېھتىياجلىق بولغان ۋە كۈندىلىك ھاياتىمىزدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر تېما ئۈستىدە توختىلىمىز.

نۇرغۇن كىشىلەر «مەن ھاياتىمنى، ئەخلاقىمنى ۋە يوللىرىمنى قانداق ئۆزگەرتىمەن؟» دەپ سورايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى گۇناھ - مەئسىيەتلەر، ۋاجىباتلارنى تەرك ئېتىش ياكى يامان ئەخلاقلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا كۆنۈپ كەتكەندە، «ھاياتىمنى قانداق ئۆزگەرتىمەن؟»

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

دەيدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر سىزگە: «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دەيدۇ، بۇ توغرا ئەمەس، بۇ ھىممەت ۋە ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقى. مۇئمىنىنىڭ ھىممەت - ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. مۇئمىن اللہ تعالى دىن ياردەم تىلەپ، رىيائلىقىدىكى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سىزگە: «مەن تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ كەتتىم، تاماكىنى تاشلاشقا قادىر بولالمايمەن» دەيدۇ ياكى ئۇ: «مەن كۆرۈش دۇرۇس بولمىغان فىلىملەرنى كۆرۈشكە كۆنۈپ كەتتىم» دەيدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. بۇلار يۇقىرىدا بىز ئوتتۇرىغا قويغان سۇئالنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇنداقتا، مۇسۇلمان قانداق قىلغاندا رىيائلىقىنى، ھاياتىنى، يوللىرىنى ۋە مىجەز - خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، تەجرىبىمىزگە ئاساسەن، سىلەرگە اللہ نىڭ قۇۋۋەت بېرىشى ۋە پەزلى بىلەن ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، ئەخلاقىنى ۋە يوللىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايدىغان ھەر قانداق ئىشتىن ئىلگىرى ئىككى ئامىلنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا تاپتۇق.

بىرىنچى ئامىل: ئۇ بولسىمۇ مۇھىت ياكى ھەمراھ (يەنى دوست) مەسىلىسى. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىنسان ياخشى مۇھىتتا ياشىشى كېرەك.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەنى ئىسرائىلدىن بولغان بىر كىشى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگەن ھەدىسىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر. يەنى ئۇ ئادەم 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن ئۇ ئابىدنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ماڭا تەۋبە بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، ئابىد ئۇنىڭغا: «ساڭا تەۋبە يوق» دېدى،

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئابدىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تولۇق يۈز قىلدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر ئالىمنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ماڭا تەۋبە بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، ئالىم ئۇنىڭغا: «ساڭا تەۋبە بار، سەن پالانى كەنتكە بار، ئۇ كەنتتە ياخشى كىشىلەر بار» دېدى.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، نۇرغۇن ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئۆز - ئارا ئارىلىشىپ ياشىشى، ھارام ئىشلارنى قىلىشى، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشى... قاتارلىق يامان قىلمىشلىرى ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان كۆپلىگەن گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە ئۆزىنىڭ ھەمراھى سەۋەبلىك چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز، الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. خۇددى تەمسىلدە ئېيتىلغىنىدەك: «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقىدۇ»، «قاغا بىلەن ئارىلاشساڭ يېيىشىڭ پوق».

ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشى ئۆز قېرىندىشىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلار ئارىلاشقان كىشىگە قاراڭلار!» دېدى. ① شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، رىئاللىقىنى ۋە ئەخلاقلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن يامان ھەمراھلىرىنى ئۆزگەرتىشى تولىمۇ زۆرۈر. سىزگە ئېيتىمەنكى، كەسكىن نىيەتكە كېلىپ، يامان ھەمراھلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ!

بەزى كىشىلەر سىزگە: «مەن تاماكا چېكىۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى، تاماكىنى تاشلىيالمايمەن» دەيدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. سىز ھەمراھلىرىڭىزنى

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۆزگەرتىڭ! سىز قەتئىي تاماكا چەكمەيدىغان كىشىلەر بىلەن دوست بولسىڭىز، ئۇزۇنغا قالماي تاماكىنى تاشلىيالايسىز ھەمدە رىئاللىقىڭىز، ھاياتىڭىز ۋە يوللىرىڭىزنىڭمۇ بىر - بىرلەپ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. خاتالىقلىرىڭىز، يامان ئەخلاقلىرىڭىز ۋە ياكى ھەق يولدىن ئېزىپ كېتىشىڭىزنىڭ، يامان ھەمراھلارنى ۋە مۇھىتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت تۈنجى نۇقتا سەۋەبلىك ياخشىلىققا قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئەگەر سىز ياخشى مۇھىت ئىزدىسىڭىز، بۇ مۇھىت سىزنىڭ اللە تعالى غا ئىتائەت قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى سىزگە: «مەن ناماز ئوقۇشنى ئويلايمەن - يۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتتا ئوقۇيمەن، بەزى ۋاقىتتا ئوقۇيالمايمەن. مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇشنى ئويلايمەن - يۇ، لېكىن ئېغىر كېلىپ، ھورۇنلۇق قىلىمەن» دېسە، سىز ئۇنىڭغا: «ناماز ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلاشسىڭىز ياكى مەسجىدكە بارىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىسىڭىز، اللە تعالى نىڭ ئىزنى بىلەن پات ئارىدا سىزنىڭ قەلبىڭىزگە بۇ ئىبادەتلەر يەڭگىل ۋە ئاسان بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز» دەپ ئېيتىڭ. بۇ تۈنجى سەۋەبلەر (يەنى مۇھىت ۋە يامان ھەمراھلارنى ئۆزگەرتىش) بىز سىلەرگە دەپ ئۆتكەندەك، ئىنساننىڭ رىئاللىقى ۋە ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشىدە زور رولى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سىز دائىم زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان بىر ياشتىن: «زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە ئۆزىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك

چەككۈچىلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ چېكىشنى باشلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. زىناخور بولسا زىناخورلار بىلەن بىللە يۈرۈپ زىنا قىلىشنى باشلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، اللە ساقلىسۇن! ئۇ شۇنداق كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ، شۇلارنىڭ ئەخلاقىغا، خاراكتېرلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشكە باشلىغان.

ئىنسانىنىڭ رىئاللىقى ۋە ھاياتىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىككىنچى ئامىلنى پىسخىكا ئالىملىرى ۋە تەربىيە ئالىملىرىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتى. سىز ھاياتىڭىز، رېئاللىقىڭىز، يوللىرىڭىز ۋە مىجەز - خاراكتېرلىرىڭىزدىن قايسى بىر نەرسىنى ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلسىڭىز، ئۇنى ئۇدا 21 كۈن داۋاملاشتۇرۇڭ. بۇ سان تەخمىنەن ئېيتىلغان، بۇنىڭغا اللە تعالى نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدىن دەلىل يوق. تۇنجى كۈنلىرى ئىنسانغا بۇ ئېغىر كېلىدۇ، لېكىن ئىزچىل داۋاملىشىش بىلەن 21 كۈنلۈك بۇ باسقۇچ ئۆتۈپ كەتسە بۇ ئىبادەت سىزگە ئاسان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بەزى كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئۇلارغا رامزاننىڭ تۇنجى كۈنلىرى مەسجىدكە بېرىش ئېغىر تۇيۇلىدۇ، لېكىن مەسجىدكە بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ، ئاندىن ناھايىتى ئاسان بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ قەلبى مەسجىدكە باغلىنىپ، نامازنى تەرك ئېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈندىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلاردا، مەسىلەن، ماشىنىنى تېز ھەيدەش. بەزى كىشىلەر ماشىنىنى تېز

ھەيدەشكە كۆنۈپ كەتكەن، بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قان - تومۇرلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن، لېكىن بىز بۇ كىشىگە: «سىز ئەمدى بىز بىلەن 21 كۈنلۈك باسقۇچقا كىردىڭىز، ماشىنىنى تېز ھەيدىمەڭ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ھەم ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىڭ» دەيمىز. ئىنسان ئۆز ھاياتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە 21 كۈنلۈك باسقۇچ جەريانىدا كۆنۈپ كەتسە، ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ.

يەنە مەسىلەن، ھازىر سىز نۇرغۇن كىشىلەردىن: «سىلەردىن كىم شېكەرسىز چاي ئىچىشكە قادىر بولالايدۇ؟ بىرەرسىڭلار قادىر بولالامسىلەر؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلاردىن ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار شېكەرگە كۆنۈپ كەتكەن. بىز ئۇلارغا: «ئۇنداقتا نېمىشقا قەھۋەنى شېكەرسىز ئىچىسىز؟» دېسەك، ئۇ: «بىز قەھۋەنى شېكەرسىز ئىچىشكە كۆنۈپ كەتكەن» دەيدۇ. (بىز ئېيتىمىزكى): «ئۇنداقتا سىز بىز بىلەن 21 كۈنلۈك باسقۇچقا كىرىڭ».

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ باسقۇچقا كىرگىنىمدە، بۇ تەجرىبىنىڭ ماڭا كۆپ مەنپەئەت بەرگەنلىكىنى ئەسلەيمەن. مەن ھاياتىمدا 21 كۈنلۈك باسقۇچ بىلەن كۆپ مەنپەئەتلەندىم. تۇنجى ھەپتىسى سىز بىلەن تىلىڭىز ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك جەڭ بولىدۇ، ئىككىنچى ھەپتىسى بۇ سىزگە يەڭگىل بولىدۇ، ئۈچىنچى ھەپتىسى سىز شېكەر بىلەن چاي ئىچىشنى ئىشتىھا قىلمايسىز. چاينى پەقەت ئازغىنە شېكەر بىلەن ئىچىشنى ياخشى كۆرىسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، كۈندىلىك ئەھۋاللىرىمىز ۋە كۆپ ئادەتلىرىمىزدىكى ئەخلاق ۋە يوللىرىمىزنى 21 كۈنلۈك باسقۇچقا كىرىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

مەسىلەن، بىز نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ (اللە ئۇلارنى ھىدايەت قىلسۇن!) نامازلىرىنى تېز ئوقۇيدىغانلىقىنى ۋە نامازدا بىھۇدە ھەرىكەتنى كۆپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز، چۈنكى ئۇلار نامازنى تېز ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئەگەر ئۇلار نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيدىغان ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ قالسا، ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ نامازدا بىھۇدە ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن. لېكىن بىز ئۇنىڭغا: «سىز 21 كۈنلۈك باسقۇچقا كىرىپ، ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىڭ، اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىسىز» دەيمىز ۋە يەنە شۇنىڭدەك سەجدىنى ئۇزۇن قىلىش ئىشلىرىغا كەلسەك، ھازىر بەزى كىشىلەر سەجدىنى ئۇزۇن قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سەجدىنى ئۇزۇن قىلىشقا كۆنمىگەن ۋە نامازنى «توخۇ دان چوقۇغاندەك» تېز ئوقۇيدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ياخشى بولمىغان ئادەتلىرى بار، گەرچە بۇ ئادەتلەر ھالال - ھارام دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، لېكىن بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر تىرناقنى چىشى بىلەن ئېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن، بىز بۇنى ھارام دېمەيمىز، لېكىن بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. ئۇ بىر يەردە ئولتۇرسىلا تىرناقلىرىنى چىشى بىلەن ئېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن. بىز ئۇنىڭغا: «بىز بىلەن 21 كۈنلۈك باسقۇچقا كىرىڭ، سىز ئۆزىڭىزنى

كونترول قىلىشقا تىرىشىڭ. بەلكىم تۇنجى كۈنلىرى بۇ سىزگە ئېغىر كېلىشى مۇمكىن، ئەمما سىز ‹مەن بۇنى قىلالمايمەن، بۇ قېيىنكەن، بۇ مۇمكىن بولمايدۇ!› دېمەڭ، بۇنداق سۆزلەرنى لوغىتىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشىڭىز لازىم. سىز بىز بىلەن 21 كۈنلۈك باشقۇچقا كىرىڭ. اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن سىزنىڭ يامان ئەخلاقلىرىڭىز ۋە يوللىرىڭىز مۇشۇ باسقۇچقا كىرگەنلىكىڭىز سەۋەبلىك كۆپ ئۆزگىرىدۇ» دەيمىز.

دېمەك، بىرىنچى ئامىل بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلغان ئادەم ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئامىلنى ئۆزگەرتسە، يەنى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسى، راستچىل نىيىتى ۋە چىدامچانلىقى بولسىلا، مەن ئۇنىڭ اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن ھاياتى، رېئاللىقى ۋە يوللىرىدىكى بارلىق يامان ئىشلارنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا كېپىل بولىمەن.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مانا بۇ سۆزلەر ھەربىر كىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىمدۇر ۋە كۆپلىگەن نەرسىلەردىن كۆپايە قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە، ئەخلاقىدا ۋە يوللىرىدا قىيىنچىلىق بار. مەسىلەن، ئۇ ھۇرۇنلۇق قىلغانلىقىنىڭ دەردىنى تارتىدۇ. بىز ئېيتىمىزكى: «سىز بۇ ئىككى ئامىل بىلەن بۇ قىيىنچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرالايسىز. يەنى بىز بىلەن 21 كۈنلۈك باسقۇچقا كىرىڭ ۋە ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىڭ».

ئىككىنچى ئامىل، ئۇ بولسىمۇ مۇھىتنى ئۆزگەرتىش. يەنى سىز اللّٰه قا ئىتائەت قىلىشقا ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشكە ياردەم

بېرىدىغان ياخشى مۇھىتنى ئىزدەڭ.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 23- دەرس

# قانداق قىلغاندا دەۋەتچى بولالايسىز؟

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، سىز قانداق قىلغاندا الله نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولالايسىز؟

نۇرغۇن مۇسۇلمانلار پەقەت ئۆزىلا سالىھلاردىن بولۇش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ ۋە باشقىلارنى ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇشقا تەپەككۇر قىلىپ باقمايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا الله تعالى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى ماختىغانلىقىنى سۆزلەپ، الله تعالى نىڭ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾ «الله قا (يەنى الله نىڭ

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

تەۋھىدنىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە <مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن> دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»[1] دېگەن ئايىتىنى ئەسلەتسىڭىز، ئۇنىڭ «مېنىڭ الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا تەييارلىقىم يوق» دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. نۇرغۇن كىشىلەر «مەن الله نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولالمايمەن، الله نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئالىم، قارى، فىقھشۇناس، شەرىئەت فاكۇلتىتىدا ئوقۇغان، ئىجازەتنامىسى ۋە شاھادەتنامىسى بولۇشى كېرەك» دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بەزى مۇسۇلمانلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ بىلىمسىزراقى تۇرۇپمۇ دىن دەۋەتچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئى قېرىنداشىم، سىز ئەگەر: «مەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىلىمسىزراقى تۇرۇپ، قانداق قىلىپ دەۋەتچى بولالايمەن؟» دەپ سورىسىڭىز، جاۋابى شۇكى، الحمد لله! كىشىلەر كىتابچىلارنى، لېنتىلارنى، كىچىك رىسالىلەرنى، دۇئالارنى، كۈندىلىك سۈننەتلەرنى ۋە كىچىك تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق الله نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولالايدۇ. چۈنكى ھازىر كىچىك كىتابچىلار ۋە لېنتىلار ناھايىتى كۆپ ۋە شۇنىڭدەك شەيخلەرنىڭ جەننەت - دوزاخنىڭ سۈپەتلىرى، قەبرە ئازابى، قىيامەت كۈندىكى مەھشەرگاھ مەيدانى توغرۇلۇق نوتۇقلار بار لېنتىلارنى تارقاتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان ھەر ئايدا پەزىلەتلىك ئەمەللەر ۋە يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ئون دانە لېنتىنى ۋە ئون دانە

[1] سۈرە فۇسسىلەت 33- ئايەت.

كىتابچىنى تارقىتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلسا، ئۇ مۇشۇ ئەملى بىلەن ئاللىقاچان اللە نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولۇپ بولغان بولىدۇ.

بىز ھەتتا ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ياشانغان ئاياللارنىڭمۇ دىن دەۋەتچىسى بولغانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز. قانداق قىلىپ؟ بەزى مومايلار بىرەر خۇشاللىق ياكى غەم - قايغۇ سورۇنىغا بېرىپ قالسا، مەنپەئەتلىك كىتاب ۋە لېنتىلارنى سومكىسىغا سېلىپ بېرىپ، سورۇنغا كەلگەن كىشىلەرگە تارقىتىدۇ. مانا بۇ ئەملى بىلەن بۇ موماي اللە نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولالىغان.

اللە تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ».[1]

«ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» مۇئمىنىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، مۇناپىقنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ بَعْضُهُم مِّن بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمَعْرُوفِ﴾ «مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئەماندىن يىراق بولۇشتا) بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار

[1] سۈرە تەۋبە 71- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياماندىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ».①

ئاگاھ بولۇڭ! مەسىلە ناھايىتى خەتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر».② بىز قانداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولالىدۇق؟ ئەجەبا بىزنىڭ ئايۋان - سارايلارنى بىنا قىلىپ ۋە قەسىرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، ئېسىل قاتناش قوراللىرىنى ھەيدەپ ۋە ماركىلىق سائەتلەرنى تاقىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ؟ ياق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ ياماندىقتىن توسىدىغان، ئاللاھ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر».③

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر سىز دۇئالار ياكى كۈندىلىك سۈننەتلەر ۋە ياكى پەزىلەتلىك ئەمەللەر ھەققىدىكى كىچىك كىتابچىلارنى مەسجىدتە، مەكتەپتە، بازارلاردا ياكى بىرەر سورۇنغا يىغىلغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا تارقاتسىڭىز، ئۇلار بۇ

① سۈرە تەۋبە 67- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەت.

كىتابچىلارغا ئەمەل قىلىپ ئۇ دۇئالارنى ئوقۇسا ياكى ئۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلسا، ئەجىرلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا باشلاپ قويغۇچى شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشىگە ئوخشاشتۇر».① الله أكبر! ياخشىلىققا باشلاپ قويغۇچى شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر... سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى كاتتا ياخشىلىقتىن مەھرۇم قويىسىز؟ سىز ھېچقانداق جاپا تارتمايلا الله نىڭ ھوزۇرىدا الله نىڭ دىنىغا دەۋەتچى بولۇپ يېزىلىسىز. سىزنىڭ بىلىمىڭىز ياكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىڭىز ياخشى بولمىسىمۇ، ھەتتا سىز گاس - گاچا بولسىڭىزمۇ لېنتا ۋە كىتابچىلارنى تارقىتىش يوللىرى ئارقىلىق الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇشقا قادىر بولالايسىز.

شەيخ خالىد راشىدنىڭ لېنتىلىرى مەن سىلەرگە تارقىتىشقا تەۋسىيە قىلىدىغان لېنتىلارنىڭ قاتارىدىن، ئۇ مەنپەئەتلىك، تەسىر قىلارلىق ۋە پايدىلىق لېنتىلاردۇر. نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر خالىد راشىدنىڭ لېنتىلىرى ئارقىلىق ھىدايەت تاپقان.

سىز ئۆزىڭىزنى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قويماڭ. شەيتان سىزنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتقان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشتىن توسۇپ قويمىسۇن. ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى:

﴿وَجَعَلَنِي مُبَارَكاً أَيْنَ مَا كُنتُ﴾ «قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلدى».①

يەنى شەيتان سىزنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋە ھەر قانداق ئورۇندا اللە نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچى بولۇشتىن توسۇپ قويمىسۇن. بىز قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ لېنتىلاردىكى نوتۇقلارنى ئاڭلاش سەۋەبلىك ھىدايەت تاپقانلىقىنى، ئىلىم ھاسىل قىلغانلىقىنى، مۇجاھىد بولغانلىقىنى ۋە مەسجىدلەرنىڭ ئىماملىرى بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. سىز بىر تال لېنتا ھەدىيە قىلغانلىق سەۋەبلىك ھىدايەت تاپقان بۇ شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ئۇ ئوقۇغان تەسبىھ، ناماز، زىكىر، قۇرئان ھەمدە قىلغان ھەجى ۋە تۇتقان روزىسىدىن ئىبارەت ئۆزى ئەمەل قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تارازىڭىزغىمۇ ئوخشاش قويۇلىدۇ (يەنى سىزگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ).

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز «مەن اللە نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا يارىمايمەن ۋە لايىق ئەمەسمەن» دەپ ئۆزىڭىزنى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قويماڭ. بۇ شەيتاني پىكىردۇر. سىزنىڭ پايدىلىق ۋەز - نەسىھەت لېنتىلىرىنى ۋە ئەقىدە، ئەخلاق، يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدىكى مەنپەئەتلىك كىتابچىلارنى تارقىتىشقا ئىرادىڭىز بولسۇن ھەمدە بۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. شۇنداق بولغاندا سىز اللە نىڭ ئىزنى بىلەن اللە نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن بولالايسىز.

مەن سىلەرگە ناھايىتى گۈزەل بىر ئىشنى بايان قىلىپ بېرەي، مەن

① سۈرە مەريەم 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر قېتىم ساقىلىنى كامىل قويغان بىر كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: « ما شاء اللّٰه! اللّٰه سىزگە ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! سىزنىڭ ساقىلىڭىزنى كامىل قويۇشىڭىزغا نېمە سەۋەب بولدى ؟» دېسەم، ئۇ ماڭا: «بىر قېرىندىشىم، اللّٰه ئۇنىڭغا ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! ماڭا ساقال چۈشۈرۈشنىڭ ھۆكۈمى، ئىشتاننى ئۇزۇن سۆرىتىپ كىيىشنىڭ ھۆكۈمى ۋە مۇزىكا ئاڭلاشنىڭ ھۆكۈمى توغرۇلۇق ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسى بار بىر تەشۋىقات ۋارىقىنى بەردى، مەن ساقال چۈشۈرۈشنىڭ ھاراملىقىنى بىلگەندىن كېيىن ساقىلىمنى كامىل قويدۇم» دېدى. قاراڭ! بۇ ئاددىي ۋە ئاسان ئىشتۇر، تەشۋىقات ۋارىقى سىزنى ھېچقانداق قىيىنچىلىقتا قويمايدۇ.

يەنە بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر قېرىندىشىمغا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويىى روزا تۇتقانغا ئوخشاش›.① مانا بۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە ئاسان ئىش، لېكىن اللّٰه نىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ ئەجرى ناھايىتى كاتتىدۇر، سبحان اللّٰه! مەن نەسىھەت قىلىپ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى قېرىندىشىم روزا تۇتۇشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدىغان بولدى».

مانا بۇلارنىڭ ئەجرىنىڭ ئوخشىشى مۇشۇ ھەدىسنى ئەسلەتكەن كىشىگە بولىدۇ. بىز نېمىشقا اللّٰه نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قىيىنلاشتۇرۇۋالىمىز؟ نېمىشقا بۇ ئەمەلگە شەرت

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قوشۇپ تورسۇق پەيدا قىلىپ قويىمىز؟ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلەرگە سەۋەب بولغان لېنتا ۋە كىتابچىلارنى تارقىتىش ناھايىتى ئاسان ۋە ئاددى ئىش.

ھەقىقەتەن سىزنىڭ قەلبىڭىزدىن باشقىلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزنى الله تعالى نىڭ كۆرۈشى ۋە سىزنىڭ جەمئىيەتتە ئاكتىپ ئەزا بولۇشىڭىز ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز سەلبىي پوزىتسىيىدىكى ئىنسانىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مىڭ ئەپسۇس، بەزى كىشىلەر ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىشتا سەلبىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدۇ. مانا بۇ سەلبىي پوزىتسىيىدىكى ئىنسانىنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلام رەت قىلىدۇ. مانا بۇ دىنىمىزدا ۋە ئىسلامىمىزدا رەت قىلىنىدىغان يولدۇر. بىزنىڭ دىنىمىز ۋە ئىسلامىمىز ئىجابىي، جانلىق ۋە ئاكتىپ ئىنسانىنى ياخشى كۆرىدۇ. قەيەردە بولسا مېۋە بېرىدىغان ئىنسانىنىڭ گۈزەل سۆز ۋە نەسىھەت يوللىرى ئارقىلىق ياكى كىتابچە ۋە لېنتىلارنى تارقىتىش يوللىرى ئارقىلىق (ھەممە يەردە) ياخشىلىقنى تارقىتىدىغانلىقنى ئۈچرىتىسىز. مەن الله تعالى دىن بۇخىل كىتابچە ۋە لېنتىلارنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كاتتا مەنپەئەت ۋە كۆپ ياخشىلىقلاردىن قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 24- دەرس

# قانداق قىلغاندا اللّٰه قا ئەدەپلىك بولالايسىز؟

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

اللہ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللہ تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللہ نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، قانداق قىلغاندا اللہ قا ئەدەپلىك بولالايسىز؟

بىز بۇ تېمىغا نېمىدېگەن ئېھتىياجلىق - ھە! پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، ئاسمان - زېمىنلارنى ياراتقۇچى، ھەممىدىن كۈچلۈك، پۈتكۈل مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى، بىزگە رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى اللہ تعالى غا قانداق قىلغاندا ئەدەپلىك بولالايمىز؟

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، سىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خالىق اللہ تعالى غا ئەدەپلىك بولغاندىن بەكرەك مەخلۇققا ئەدەپلىك بولغانلىقىنى، خالىق اللہ تعالى دىن ھايا قىلىشتىن بەكرەك مەخلۇقتىن ھايا

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا خالىق اللە تعالى نى ھۆرمەتلەشتىن بەكرەك مەخلۇقنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. مانا بۇ زور قىينچىلىق ۋە كاتتا مۇسىبەتتۇر.

ئىنسان دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىرەرسىنى زىيارەت قىلغىلى بېرىشنى ئىرادە قىلسا، سىز بۇ كىشىنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ياخشى تەييارلىق قىلىپ ۋە بارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقىنى، ھەتتا ئەۋۋىلى سېسىق ئىسپىرما، ئاخىرى مەينەت تاپقا ئايلىنىپ كېتىدىغان ۋە مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارلىقىدا قورسىقىدا نىجاسەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان دۇنيا پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك چىرايلىق، چىقىشقاق ۋە ئەدەپلىك ھالەتتە ئاشكارا بولغانلىقىنى، «مېنىڭ پادىشاھ ياكى رەئىس بىلەن ئۇچرىشىشىم بار» دەپ بىر قانچە كۈن تەييارلىق قىلىپ، ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ئالدىدا نېمە دېيىش، قانداق سۆزلەش ۋە قانداق ئولتۇرۇشقا ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، مەخلۇق بولغان شۇ پادىشاھ ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ اللە تعالى غا ئەدەپلىك بولۇشقا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلەمدۇ؟

بۇ تېمىنى ئۈچ نوقتىغا يىغىنچاقلايمىز. بەزى كىشىلەر: «بىز قانداق قىلغاندا اللە قا ئەدەپلىك بولالايمىز؟» دەپ سورايدۇ. مەن ئېيتىمەنكى:

بىرىنچى، اللە نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. يەنى سىزگە اللە ياكى اللە نىڭ پەيغەمبىرى تەرەپتىن ھەر قانداق بىر خەۋەر كەلسە، سىز راستچىللىق بىلەن قوبۇل

قىلىپ ئېلىشىڭىز كېرەك. اللّٰه تعالى قۇرئان كەرىمدە (مۇئمىنلەرنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا﴾ «بىز (دەۋەتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق».①

سىزدە بۇنىڭغا نىسبەتەن شەك ۋە ئىككىلىنىش بولماسلىقى ھەمدە اللّٰه تعالى سىزگە خەۋەر بەرگەن ئاخىرەت مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ ھالەتتە تەستىقلىشىڭىز كېرەك ھەمدە «بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟»، «بۇ قانداق يۈز بېرىدۇ؟» دېيىشتىن ساقلىنىشىڭىز، پەقەت «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، بۇ بىزگە اللّٰه تەرىپىدىن كەلگەن راست خەۋەردۇر» دېيىشىڭىز كېرەك. اللّٰه تعالى ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ اللهِ قِيلاً﴾ «اللّٰه تىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى اللّٰه تىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى بولمايدۇ)».② سىز اللّٰه تعالى نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى، بىزگە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرىنى راستچىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېلىشىڭىز كېرەك.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە جەننەتتىكى تۇبا ئىسىملىك بىر دەرەختىن خەۋەر بەردى. ئۇنىڭ سايىسىدا ئۇلاغلىق بىر كىشى 100 يىل ماڭسىمۇ سايىسى تۈگىمەيدۇ... تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! بىز «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دەيمىز.

① سۈرە بەقەرە 285- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە نىسا 122- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئى قېرىندىشىم، ئەگەر بىر ئۆلاغلىق ئادەم سايىسىدا يۈز يىل ماڭىدىغان شۇنداق بىر دەرەخ بولسا سىز بۇنىڭغا نىسبەتەن نېمە دەيسىز؟! اللّٰه تعالى ھەممىگە قادىر زاتتۇر. بىز «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دەيمىز.

سىلەرنىڭ خاتىرجەم بولۇشىڭلار ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر قائىدىنى دەپ بېرەي. يەنى سىلەر ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىماڭلار، چۈنكى ئىنسان ئەقلى كەمتۈك ۋە ئاجىز، ئاخىرەت ئىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. اللّٰه تعالى بىزنىڭ بۇنى تەستىقلايدىغانلىقىمىز ياكى تەستىقلىمايدىغانلىقىمىزنى ئايرىش ئۈچۈن بىزنى سىناۋاتىدۇ ۋە ئىمتىھان قىلىۋاتىدۇ. سىز بۇ خەۋەرلەرگە شەك قىلماستىن ۋە ئىككىلەنمەستىن، راستچىللىق بىلەن تەسلىم بولۇش ۋە بويسۇنۇپ قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا «مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ ئەقلىگە سىغمايدۇ!» دېمەڭ. بەزى كىشىلەر ۋە بەزى دىنسىزلار سىزگە پەلسەپە سۆزلەپ: «بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئىنساننىڭ قەبرىدە ئازابلىنىشى قانداق مۇمكىن بولسۇن!؟ بىز قەبرىنى ئاچتۇق، لېكىن ھېچنەرسىنى كۆرمىدۇقغۇ؟!» دېيىشىدۇ. ھەتتا غەربلىكلەردىن بەزىلەر سىزگە: «ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قەبرىسىگە كامىرا قويۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا سوئال - سوراق قىلىدىغان ئىككى پەرىشتىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز» دېيىشىدۇ. بۇ پەقەت ئاخىرەت ئالىمىگە خاس. ئەگەر سىز تىرىك كىشىنى ئۆلۈك كىشىنىڭ قەبرىسىگە قويسىڭىز، ئىككى پەرىشتە تىرىك كىشىنىڭ قېشىغا كەلمەي، ئۆلۈك كىشىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ ۋە تىرىك كىشى نېمە ئىش

بولغانلىقنى بىلمەيدۇ. بۇ ئاخىرەت ئىشلىرى بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە چوڭقۇر چۈشەنمەيمىز ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارمايمىز. بۇ خەۋەر بىزگە اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كەلدى. بەس، بىز ئىككىلەنمەستىن ۋە شەك قىلماستىن ئاڭلايمىز ۋە ئىتائەت قىلىمىز. ئەگەر بىز اللّٰه نىڭ خەۋەرلىرىدە ئىككىلىنىپ قالساق ۋە شەك قىلىپ قالساق، ئۇنداقتا بىز اللّٰه قا يامان ئەدەپتە بولۇپ قالغان بولىمىز.

دېمەك، سىزنىڭ اللّٰه قا ئەدەپلىك بولغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى، اللّٰه نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېلىشىڭىز، يەنى اللّٰه سىزگە خەۋەر بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شەك قىلماستىن ۋە ئىككىلەنمەستىن ئىشەنچ قىلىپ راستچىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېلىشىڭىز كېرەك.

دېمەك، بۇ اللّٰه قا ئەدەپلىك بولۇش ھەققىدىكى ئاساسلارنىڭ تۇنجىسى ياكى ئەسلىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، بىز اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەكسىز قوبۇل قىلىپ، ھاياتىمىزغا تەتبىقلىشىمىز كېرەك. يەنى سىزگە اللّٰه تعالى تەرەپتىن بىرەر بۇيرۇق كەلسە، اللّٰه تعالى غا مۇتلەق ئىتائەت قىلغان ھالەتتە ھاياتىڭىزغا تەتبىقلىشىڭىز كېرەك. ھازىر بەزى كىشىلەر مەخلۇق بولغان ئىنسانلارغا قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىدۇ - يۇ، خالىق زات اللّٰه تعالى غا ئىتائەت قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر ئۇ كىشى بىرەر دوختۇرنىڭ قېشىغا بارسا، دوختۇر ئۇنىڭغا: «بۇ دورىنى ھەر سەككىز سائەتتە بىر قېتىم، بۇ دورىنى تاماقتىن ئىلگىرى، بۇ دورىنى تاماقتىن كېيىن ۋە بۇ دورىنى كۈندە بىر قېتىم

يەڭ!» دېسە، سىز دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ بۇ دوختۇردىن: «ئى دوختۇر، نېمىشقا بۇ دورىنى ھەر ئون سائەتتە بىر قېتىم يېمەي سەككىز سائەتتە بىر قېتىم يەيمىز؟ بۇ دورىنى نېمىشقا تاماقتىن ئىلگىرى ۋە بۇ دورىنى تاماقتىن كېيىن يەيمىز؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئۇچراتمايسىز ۋە ئۇ ئىككى دورىنى ئالماشتۇرۇپ يەپ سالمايدۇ، يەنى ئۇ: «دوختۇر تاماقتىن ئىلگىرى دېگەننى تاماقتىن كېيىن ۋە تاماقتىن كېيىن دېگەننى تاماقتىن ئىلگىرى يېمەيمەن» دەيدۇ. سبحان الله! سىز بۇ كىشىنىڭ دوختۇرنىڭ بۇيرۇقىنى بىر سانتىمېتىر ياكى بىر مىللىمېتىرمۇ ئۆزگەرتمەي شۇ ھالەتتە ئىجرا قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز، نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ كىشى سىزگە: «ئى قېرىندىشىم، ئۇ دوختۇر ئەڭ بىلىملىك ۋە پۇختا بىلىدۇ» دەيدۇ ۋە ئۇ: « ساراڭمۇ سەن!؟ دوختۇر بىلەن جېدەللىشىۋاتىسەنغۇ، ئۇ ساڭا: ‹بۇيرىغاندىن كېيىن دېگىنىمدەك قىل!› دېدى» دەيدۇ. ئەلۋەتتە، الله بىزنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، شەك قىلماي ئىجرا قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىقمىز.

بەزى كىشىلەر ھەممە نەرسىدە شەك قىلىدۇ، يەنى «بامدات نامىزى نېمىشقا ئىككى رەكئەت؟»، «شام نامىزى نېمىشقا ئۈچ رەكئەت؟»، «بىز نېمىشقا كەئبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىمىز؟»، «بىز نېمىشقا شەيتانغا سەككىز قېتىم تاش ئاتماي، يەتتە قېتىم ئاتىمىز؟» دەيدۇ. الله تعالى تەرەپتىن بۇيرۇق كەلسە، سىز بۇ بۇيرۇقلارنى پەقەت الله قا ئىتائەت قىلغان ھالەتتە الله بۇيرۇغاندەك قىلىشىڭىز كېرەك. الله تعالى بارلىق ئىشلىرىدا دائىم ئۆزىگە ئىتائەت قىلغان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.

اللە تەئالا نىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەتبىقلاش اللە تەئالا نى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ دەلىلىدۇر. ئىنسان اللە تەئالا نىڭ بۇيرۇقلىرىنى اللە تەئالا ئىرادە قىلغاندەك ئىجرا قىلىشى لازىم، ئەمما بىز بەزىدە اللە تەئالا نىڭ بۇيرۇقلىرىنى اللە تەئالا ئىرادە قىلغاندەك ئىجرا قىلمايمىز.

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَاباً مَّوْقُوتاً﴾ «شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى».[1] سىز نامازنى مىجەزىڭىزگە قارىتا ئوقۇمايسىز، يەنى بامداتنى كۈن چىققاندا، شامنى كۈن ئولتۇرغاندا ئەمەس، بەلكى بەلگىلەنگەن ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيسىز.

سىز اللە تەئالا نىڭ بۇيرۇقلىرىنى اللە تەئالا بۇيرىغاندەك ئىجرا قىلىشىڭىز لازىم. اللە تەئالا نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش اللە تەئالا نى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ دەلىلىدۇر.

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَاراً﴾ «نېمە ئۈچۈن سىلەر اللە نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟»[2] «وَقَاراً»: يەنى بۈيۈكلۈك. اللە تەئالا نىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەتبىقلاش — اللە تەئالا نى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ دەلىلىدۇر. سىزنىڭ اللە تەئالا تەرىپىدىن كەلگەن بۇيرۇقلارنى دەرھال ئىجرا قىلغانلىقىڭىز، سىزنىڭ اللە تەئالا غا ياخشى

---

[1] سۈرە نىسا 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نوھ 13- ئايەت.

ئەدەپتە بولغانلىقىڭىزنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپتىن بۇيرۇق كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، بۇ ۋاجىب بۇيرۇقمۇ ياكى مۇستەھەب بۇيرۇقمۇ؟» دەپ سوراپ ئولتۇرماستىن دەرھال ئىجرا قىلاتتى.

الله قا ئەدەپلىك بولۇشنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى، بىز الله تعالى نىڭ تەقدىرلىرىگە رازى بولۇشىمىز ۋە تەسلىم بولۇپ، قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. يەنى سىزگە الله تعالى نىڭ قازاسى كېلىپ، بىرەر مۇسىبەتكە دۇچار بولسىڭىز، دەرھال الله تعالى نىڭ قازاسىغا رازى بولۇپ، بويسۇنۇشىڭىز الله قا ئەدەپلىك بولغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئى قېرىنداشلىرىم، الله تعالى بىزگە نۇرغۇنلىغان، سان - ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى. مەن سىلەرگە بىر مىسال بايان قىلىپ بېرەي، بىر كىشى سىزگە ھەر ئايدا مىليون پۇل بەرسە، لېكىن بىر ئايدا سىزنى بەزى ئىشلارغا تەكلىپ قىلسا، سىز بۇ ئىشنى ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىسىز. مەسىلەن، ئۇ كىشى سىزنى كېچە سائەت 2 دە ئويغىتىپ، سىزگە: «مەن بىلەن سەپەر قىلىڭ ياكى ماڭا مۇنداق - مۇنداق ئىشنى قىلىپ بېرىڭ!» دېسە، بۇ ئىش سىزگە ھېچقانداق ئېغىر تۇيۇلماي ناھايىتى ئاسان بىلىنىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى، سىز: «بۇ كىشى ماڭا ھەر ئايدا بىر مىليون بانكا چېكى بېرىدۇ» دەيسىز. ئۇنداقتا سىز الله تعالى نىڭ سىزگە قانچىلىك نېمەت بەرگەنلىكىنى مۆلچەرلەپ بېقىڭ! الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَةَ اللهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾ «ئەگەر الله نىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار ، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ

بولالمايسىلەر».①

ئاللاھ تائالا سىزگە ھەر ۋاقىت چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، ئاندىن سىزنى ئاسايىشلىق بىلەن، كېسەللىك بىلەن، قىيىنچىلىق بىلەن، ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ۋە قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن سىنىدى. سىز بەزى كىشىلەرنىڭ دائىم ئاچچىقلاپ بىئارام بولغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز، بىز بۇنى ئاللاھقا يامان ئەدەپتە بولغانلىق دەيمىز. سىز ئاللاھ تائالا تەرەپتىن كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رازىلىق ۋە تەسلىم بولۇش بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۆلىشىڭىز كېرەك، بۇ ئاللاھقا ياخشى ئەدەپتە بولغانلىقىڭىزنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى بۇ تەقدىرلەر ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن، ئاللاھ تائالا (ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىسىگە) پەقەت ياخشىلىقنى تەقدىر قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنىنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر»، ھەدىستىكى «كُلَّهُ»: ئومۇمنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان لەۋزىنىڭ قاتارىدىندۇر. «ئەگەر ئۇنىڭغا قاتتىقچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر خۇشاللىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. لېكىن پەقەت مۇئمىنلا شۇنداق».②

ئاخىرىدا، بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك ئاللاھ تىن ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكىنى بىزنىڭ قەلبلىرىمىزگە جايلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ھەمدە مېنى ۋە سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن!

---

① سۈرە نەھل 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② مۇسلىم رىۋايىتى.

# 25- دەرس

# قانداق بولغاندا مۇسۇلماننىڭ ۋاقتى بەرىكەتلىك بولغان بولىدۇ؟

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»[1]

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

بۇ ئۇچرىشىشىمىزنىڭ تېمىسى «قانداق بولغاندا مۇسۇلماننىڭ كۈنلىرى بەرىكەتلىك بولغان بولىدۇ؟ سىزنىڭ كۈنلىرىڭىز قانداق بولغاندا مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن بولىدۇ؟».

مەقسەتكە كەلسەك، ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدىكى شۇئارىمىز: بىزنىڭ ھاياتىمىزدا تەرتىپسىزلىك يوق.

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا تەرتىپسىزلىك بولمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمان

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ھەر ۋاقىت مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى تۈرلۈك نېمەت بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدا زىيان تارتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىتتۇر».①

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلار، كۈنىمىزنىڭ قىممەتلىك، بەرىكەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاسان، ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئەۋزەل ئۇسۇلى چوقۇم كۈندىلىك پروگرامما ياكى خىزمەت پىلانى بولۇشىدۇر. ھازىر مال - دۇنيا ئەھلى، مىلياردېرلار ۋە دىرېكتورلار ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت پىلانى ۋە پروگراممىلارنى تۈزىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش سىزدىمۇ «كۈندىلىك ئەمەل پىلانى» بولۇشى لازىم. مەسىلەن، سىز ھەر كۈنى قۇرئان كەرىمدىن بىر پارە ئوقۇشنى ئۆزىڭىزگە ۋەزىپە قىلسىڭىز، بۇ سىزگە ۋاقتىڭىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

مەن سىزگە ناھايىتى ئاددىي، ئاز ۋە ئاسان بولغان بىر ئۇسۇلنى بايان قىلىپ بېرەي، بۇ سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى قىممەتلىك ۋە كۈنلىرىڭىزنى بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۇسۇلنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆزىڭىزگە كۈندىلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز لازىم. بۇ كۈندىلىك ۋەزىپىلەر ۋە مۇھىم ئەمەللەر سىزنىڭ كۈنلىرىڭىزنى

---

① بۇخارى رىۋايىتى.

بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن سىز «سُبْحَانَ اللهِ ، وَالْحَمْدُ لِلهِ ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ ، وَاللهُ أَكْبَرُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» (تەرجىمىسى: اللّٰه نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق ھەمدۇ - سانا اللّٰه قا خاستۇر، بىر اللّٰه دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه ئەڭ بۈيۈكتۇر، بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت اللّٰه قا خاستۇر!) نى، يەنى مۇشۇ بەش سۆزنى مىڭ قېتىم دەڭ. ئىنسان بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ زىيادە قىلالايدۇ، لېكىن سىز ئەڭ تۆۋەن چەك، ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر بويىچە مىڭ قېتىم دەڭ. مەيلى پەقەت بىرلا قېتىمدا دېمىسىڭىزمۇ، مەن سىزگە ياخشى بىر ئۇسۇلنى كۆرسىتىپ بېرەي. يەنى سىز «سُبْحَانَ اللهِ ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ ، وَاللهُ أَكْبَرُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» نى بىر كۈندە مىڭ قېتىم دەيسىز. ئەگەر بىز سىلەردىن بىرەرسىگە: «سىز بۇ سۆزلەرنى بىر كۈندە مىڭ قېتىم ئوقۇشقا قادىر بولالامسىز؟» دەپ سورىساق، ئۇ: «بىر كۈندە مىڭ قېتىم قانداقمۇ ئوقۇپ بولغىلى بولىدۇ؟! مەن بۇنىڭغا قادىر بولالمايمەن» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە زېرىكىشلىكمۇ ئەمەس، قىيىنمۇ ئەمەس ياخشى بىر ئۇسۇل بار. چۈنكى بىر ئولتۇرۇشتىدا مىڭ قېتىم دېيىش ئىنسانغا ھەپتىدىن كېيىن ياكى ئون كۈندىن كېيىن ۋە ياكى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تەس بىلىنىدۇ، زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ ۋە ئېغىر كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەمەللەرنىڭ اللّٰه قا ئەڭ سۆيۈملۈكراقى ئاز بولسىمۇ داۋاملىشىپ تۇرغىنىدۇر» دېگەن.[1] بۇ يەردە زېرىكتۈرمەيدىغان ۋە چارچاتمايدىغان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ناھايىتى گۈزەل بىر ئۇسۇل بار. مەسىلەن، سىز بۇ سۆزنى ھەر ئىككى نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز قېتىم دەڭ، يەنى بامدات بىلەن پېشىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز قېتىم، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز قېتىم، ئەسىر بىلەن شامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز قېتىم، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز قېتىم، خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى يۈز قېتىم، جەمئىي قانچىلىك بولىدۇ؟ مىڭ قېتىم بولىدۇ. قاراڭ! سىزنىڭ «سُبْحَانَ اللهِ ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ ، وَاللهُ أَكْبَرُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ»نى بىر كۈندە مىڭ قېتىم دېيىشىڭىزنىڭ پايدىسى نېمە؟ بۇنىڭ پايدىسىنى سىلەر ئاخىرەتتە بىلىپ قالىسىلەر. ھەر كۈنى جەننەتتە سىزگە تۆت مىڭ دەرەخ تىكىلىدۇ، چۈنكى ئۇ تۆت سۆزنى مىڭ قېتىم دېسىڭىز، تۆت سۆزنىڭ ھەر بىرسىگە بىر دەرەخ تىكىلىسە، يەنى «سُبْحَانَ اللهِ» ئۈچۈن بىر دەرەخ، «وَالْحَمْدُ لِلَّهِ» ئۈچۈن بىر دەرەخ، «وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ» ئۈچۈن بىر دەرەخ ۋە «وَاللهُ أَكْبَرْ» ئۈچۈن بىر دەرەخ تىكىلىدۇ. جەننەتنىڭ دەرەخلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىز قانداق بىلەلەيسىز؟ ئۇ كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنساننىڭ قەلبىگە كېچىپ باقمىغان دەرەخلەردۇر. دېمەك، سىزگە جەننەتتە ھەر كۈنى تۆت مىڭ دەرەخ تىكىلسە، بىر ئايدا قانچىلىك بولىدۇ؟ بىر ئايدا جەننەتتە 120000 دەرەخ بولىدۇ. مانا شۇندىلا سىزنىڭ كۈنىڭىزنىڭ بەرىكىتى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ. ئاندىن سىز قانچىلىك سەدىقىنىڭ ئەجرىنى ئالىسىز؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«ھەربىر تەسبىھ سەدىقە، ھەر قانداق ھەمدە سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە ۋە ھەربىر تەھلىل سەدىقىدۇر».[1] يەنى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرى اللە نىڭ ھۇزۇرىدا سىز ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ، يەنى سەدىقىنىڭ ساۋابى بولۇپ يېزىلىدۇ. ئۇنداقتا سىزگە كۈندە قانچە سەدىقىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ؟ كۈندە تۆت مىڭ، ئايدا 120000 سەدىقىنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ.

ئۇنداقتا سىز «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ»نى كۈندە مىڭ قېتىم دېسىڭىز قانچىلىك بايلىق بولىدۇ؟ بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «مەن سېنى جەننەت بايلىقلىرىدىن بىر بايلىققا باشلاپ قويايمۇ؟ — جەننەت بايلىقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىز قانداق بىلەلەيسىز؟! ئۇ كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان بايلىقتۇر، — سەن ‹لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ› دېگىن» دېدى. سىز بۇ سۆزنى بىر كۈندە مىڭ قېتىم دېسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا، جەننەتتە بىر كۈندە 1000 بايلىق، بىر ئايدا 30000 بايلىق بولىدۇ. بۇ نەتىجىگە قاراڭلار! ئەگەر «سُبْحَانَ اللهِ»نى بىر كۈندە مىڭ قېتىم دېسىڭىز، يۇقىرىقى مەنپەئەتلەر قولىغا كېلىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئۇنىڭدىن باشقا مەنپەئەتمۇ بار، لېكىن بىز ئۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىشنى ياخشى كۆردۇق.

سىلەر يۇقىرىدا ناھايىتى ئاسان ۋە ئاددىي يولنى بىلىۋالدىڭلار، يەنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەر ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىدا بۇ سۆزنى ئىككى يۈز قېتىم دېسىڭىز، قەلبىڭىزدىكى قىينچىلىق تۈگەپ، ئاسايىشلىق يېتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ سىزنىڭ بۇ ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىزغا ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلدا، گەرچە سىز كېسەل بولۇپ قالسىڭىزمۇ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسىڭىزمۇ ۋە ياكى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالسىڭىزمۇ، بۇ ئەمەلنىڭ ئەجرى اللە نىڭ ھوزۇرىدا داۋاملىق تولۇق يېزىلىپ تۇرىدۇ، (بۇ ھەقتە) رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەگەر بىر ئادەم كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەمگە مۇقىم تۇرۇۋاتقان ھالىتىدە قىلغان ئەمىلىنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن.[1] مەسىلەن، ئەگەر كېسەل بولۇپ قېلىپ، كۈندىلىك ۋەزىپىڭىزدىكى ئۇ زىكىرلەرنى تولۇق بىر ھەپتىگىچە ياكى تولۇق بىر ئايغىچە دېيىشكە قادىر بولالمىسىڭىز، سىزنىڭ ئەجرىڭىز اللە نىڭ ھوزۇرىدا داۋاملىق تولۇق يېزىلىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر مىسال بايان قىلاي، سىز ۋاقتىڭىزدىن قانداق پايدىلىنىسىز؟ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۇرۇد يوللاش ئەڭ ئەۋزەل ۋە قىسقىغىنە شەكىلدۇر، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۇرۇد يوللاش تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سىلەر ئۇنى يادلىۋېلىڭلار، ئۇ بولسىمۇ «صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ».

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

تَسْلِيماً﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)».[1] بۇ ئايەتتە دۇرۇد ۋە سالامنىڭ ئوتتۇرىسى جۈغلاندى. ئەگەر سىز «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ گە بولسۇن» دېسىڭىزمۇ مەسىلە يوق، ئەگەر ئۇنى دېمىسىڭىز مۇشۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىپ، قىسقارتىلغان شەكلى «صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ»نى ئېيتىڭ.

ئەگەر بىز سىزگە: «سىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كۈندە مىڭ قېتىم دۇرۇد يوللاشقا قادىر بولالامسىز؟» دېسەك، بەلكىم سىز: «مەن قانداقمۇ بىر كۈندە مىڭ قېتىم دۇرۇد يوللاپ بولالايمەن!؟ بۇنىڭغا قادىر بولالمايمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. مەن ئېيتىمەنكى: «بۇنى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىرىنچى ئۇسۇل بويىچە قىلىڭ. يەنى سىز ھەر ئىككى پەرز نامازنىڭ ئارىلىقىدا «سُبْحَانَ اللهِ ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ ، وَاللهُ أَكْبَرُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ»نى ئىككى يۈز قېتىم ۋە «صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ»نى ئىككى يۈز قېتىم ئېيتىڭ. شۇنىڭ بىلەن كۈندە مىڭ قېتىم بولىدۇ.

بۇنىڭ پايدىسى نېمە؟ ئەگەر سىز «صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ»نى بىر كۈندە مىڭ قېتىم ئېيتسىڭىز نېمە پايدا ھاسىل بولىدۇ؟ بىرىنچى بولۇپ،

---

[1] سۈرە ئەھزاب 56- ئايەت.

اللہ تعالى سىزگە رەھمەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد يوللىسا، شۇ دۇرۇدنىڭ سەۋەبى بىلەن اللہ ئۇ كىشىگە ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ».①

سىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مىڭ قېتىم دۇرۇد يوللىسىڭىز، اللہ تعالى سىزگە ئون مىڭ قېتىم رەھمەت قىلىدۇ ۋە دەرىجىڭىزنى ئون مىڭ دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. چۈنكى بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد يوللىسا، ئۇنىڭ دەرىجىسى ئون دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇ كىشىدىن ئون يامانلىق ئۆچۈرۈلۈپ، ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ». دېمەك ئىككىنچى پايدىسى، دەرىجىڭىز كۈندە ئون مىڭ دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى پايدىسى، سىزدىن ئون مىڭ يامانلىق ئۆچۈرۈلۈپ، ئون مىڭ ياخشىلىق يېزىلىدۇ ۋە بىر ياخشىلىق ئون ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. دېمەك، جەمئىي يۈز مىڭ ياخشىلىق بولىدۇ ۋە يەنە اللہ تعالى ئۆزى خالىغان كىشىگە كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

مانا بۇ بىر گۈزەل ئۇسۇل بولۇپ، سىزنىڭ كۈنلىرىڭىزنى بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن سىز ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتسىڭىز بۇ سىزگە ئاسانلىشىدۇ. سىلەر ئەمدى مۇسۇلمان كىشى بۇ ئۇسۇلغا ئەمەل قىلغان ۋاقىتتا، قولغا كەلتۈرىدىغان دەرىجىلەر، مەنپەئەتلەر ۋە مېۋىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭلار.

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاخىردا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك اللە تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

26- دەرس

# يالاڭتۆش كىم؟

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللّٰه نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «سىلەر مۇفلىسنىڭ (يەنى يالاڭتۆش)نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغىنىدا، ساھابىلەر ساغلام تەبىئىتى بىلەن: «يالاڭتۆش دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇل - ماللىرى يوق كىشىلەردۇر» دېدى. بۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ دۇنياۋى ئۆلچىمىمىزدىكى يالاڭتۆشتۇر. ھازىر دۇنياۋى ئۆلچەم بويىچە كىشىلەر «پالانى يالاڭتۆش» دېسە، ئۇ ئۆيى يوق، مىليارد پۇللىرى يوق، زېمىنى يوق ۋە مەنسەپلىرى يوق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

ﷺ بۇ چۈشەنچىنى توغرىلاپ قويۇشنى ۋە ئاخىرەت ئۆلچىمىدىكى يالاڭتۆشنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئىرادە قىلىپ مۇنداق دېدى: «يالاڭتۆش دېگەن ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممەتلىرىمدىن...» مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ! ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتىدىن بولىدۇ. «قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ياخشى ئەمەللەر بىلەن كەلگەن...» دېمەك، ئۇ ئىسلامدىكى ئەمەللەرنى قىلغان. ئۇنداقتا مەسىلە نېمە؟ بىراق ئۇ «دۇنيادىكى چېغىدا بىرىنى تىللىغان، بىرگە بۆھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن، (بىرىنى ئۇرغان) ...» ئاندىن ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇ تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىغا قوشۇپ بېرىلىدۇ، يەنى ئۇ غەيۋەت، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق، زاڭلىق قىلىش، مەسخىرە قىلىش، تىللاش، تۆھمەت چاپلاش... قاتارلىق تىل يامانلىقلىرى بىلەن باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلغان ياكى ئۇرۇش، قان تۆكۈش... قاتارلىق يامانلىقلىرى بىلەن جىسمانىي جەھەتتە تاجاۋۇز قىلغان ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بىلەن تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن ئېلىنىدۇ، سەن قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىنى ئۇچرىتىسەن».①

① ئىزاھات: ئاڭلىغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، شەيخ ئۆز دەۋىتىدە بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرقى مەزمۇنىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ھەدىسنىڭ ئاخىرقى مەزمۇنىدىكى ئەسلى تېكىستى: قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا بېرىپ، بۇنىڭغا بېرىپ، ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر. — مۇسلىم رىۋايىتى.

مانا بۇنى بەزىدە نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆزى ناماز ئوقۇسا، روزا تۇتسا ۋە زاكات بەرسە قىيامەت كۈنى نىجات تاپقۇچىلار ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قاتارىدىن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدە كۆپ ئىشلارغا سەل قارايدۇ. ئاندىن كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدۇ ۋە ئىشلەمچىلەرگە ھەققىنى بەرمەيدۇ ۋە ئاجىزلارنى ئېزىدۇ. ئاندىن بۇ كىشى قىيامەت كۈنى كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىنىدۇ. ئۇ تىللانغان ۋە ئۇرۇلغان كىشى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئالىدۇ.

مەن دۇنيادا قۇرئان ئوقۇشنى، سەدىقە بېرىشنى ۋە نۇرغۇن تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلغان كىشىنى شۇنداق بىر شەخسنىڭ ھالىتىگە ئوخشىتىمەن. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! ئەگەر كۈندە ئەتىگەندىن پېشىنگىچە ۋە پېشىندىن شامغىچە ئىككى ۋاق ئىشلەيدىغان بىر كىشى بولسا، بۇ كىشى ئاينىڭ ئاخىرىدا مائاشىنى ئېلىپ بولۇپلا ئۇنى قوشنىلىرىغا، ھەمراھلىرىغا، خىزمەتداشلىرىغا ۋە دوستلىرىغا تارقىتىشقا باشلىسا، كىشىلەر بۇ كىشى توغرۇلۇق نېمە دەيدۇ؟ كىشىلەر ئۇنىڭغا: «سەن ساراڭكەنسەن! بىر ئايدىن بېرى ھېرىپ، مال توپلاش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، بۇ پۇللارنى توپلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەمدى قوشنىلىرىڭغا، ھەمراھلىرىڭغا ۋە خىزمەتداشلىرىڭغا تارقىتىشقا باشلاۋاتامسەن؟!» دەيدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ كىشى بۇ دۇنيادا ياخشىلىقلارنى، تائەت - ئىبادەتلەرنى، سەدىقىلەرنى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى جۇغلىغان. سىز بۇ كىشىنىڭ كۆپ تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن قانچىلىغان مەزلۇملارنىڭ ھەققى بۇ شەخسنىڭ

گەدىنىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، سىز مەزلۇملارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇچرەيدىغان زالىمنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىسىز. لا حول ولا قوة إلا بالله!

الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! سىلەر قىيامەت كۈنى ئەنە شۇ يالاڭتۆشلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار، تائەت - ئىبادەتلىرىڭلار بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭلار، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتىن، باشقىلارنى تىللاشتىن، ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىشتىن ۋە ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھ بولۇڭلار! چۈنكى بۇ ئىشلار قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىڭلارنى تۈگىتىۋېتىدۇ، الله ساقلىسۇن!

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

# 27- دەرس

# اللّٰه نى زىكىر قىلىش

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى قوراللىنىشتا لازىم بولغان ۋەيران قىلغۇچى قوراللارنىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئۇ بولسىمۇ الله نى زىكىر قىلىشتۇر. رەببىمىز الله تعالى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك كىتابىدا بىزنى پەقەت زىكىر ئېيتىپ قويۇشقىلا قىزىقتۇرماستىن، بەلكى كۆپ زىكىر قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْراً كَثِيراً ۝ وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلاً﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله نى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

(چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزىللىكى ھېسابلىنىدۇ)». ① قاراڭ! الله تعالى بىزنى پەقەت زىكىر ئېيتىپ قويۇشقىلا بۇيرىماستىن، بەلكى كۆپ زىكىر قىلىشقا بۇيرىدى.

يەنە بىر ئايەتتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُواْ وَاذْكُرُواْ اللّهَ كَثِيراً لَّعَلَّكُمْ تُفْلَحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار». ② ئالىملار: «دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، مۇستەھكەم تۇرۇش، شجائەتلىك بولۇش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرسى — الله نى كۆپ زىكىر قىلىشتۇر» دېگەن. چۈنكى الله نى كۆپ زىكىر قىلىش ئىنساننىڭ كۈچ - قۇۋۋەت، ئىرادە، ساباتلىق ۋە ھىممىتىگە سەۋەب بولىدۇ.

(زىكىر ھەققىدە كەلگەن) ئۈچىنچى ئايەتتە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام فىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتىكى سۆزى مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿كَيْ نُسَبِّحَكَ كَثِيراً ۞ وَنَذْكُرَكَ كَثِيراً﴾ «بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز [33]. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز[34]». ③ الله تعالى بۇ ئايەتنى «بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ

① سۈرە ئەھزاب 41-42 ئايەت.

② سۈرە ئەنفال 45- ئايەت.

③ سۈرە تاھا 33-34 ئايەت.

ئېيتىمىز ۋە كۆپ زىكرى ئېيتىمىز» دېگەن نوقتىغا مەركەزلەشتۈردى.

سىز سۈرە جۇمۇئەدىكى ئايەتلەردە اللە تائالا نىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراڭ! اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيراً لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللە نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[1] مانا بۇ (زىكرى ھەققىدە كەلگەن) تۆتىنچى ئايەتتۇر.

رەببىمىز اللە تائالا بۇ ئايەتلەرنى ئۆزىنى كۆپ زىكرى قىلىش نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈردى. مۇسۇلمانغا اللە تائالا نى پەقەت ئەتىگەن - ئاخشامدىلا ئەسلەپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ھەر ۋاقىت اللە نى كۆپ زىكرى قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خۇددى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە خەۋەر بەرگىنىدەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ اللە تائالا نى بارلىق ئەھۋاللاردا، يەنى ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ۋە تۇرغاندىمۇ ئەسلەيتتى.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ ۞ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ

[1] سۈرە جۇمۇئە 10- ئايەت.

﴿قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ﴾ «شۇبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ».[1]

دېمەك، بىز الله تعالى نى كۆپ زىكىر قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك الله تعالى نى كۆپ ئەسلەش ئىنسانغا مۇلايىملىق، دىل خۇزۇرى، خاتىرجەملىك، شىجائەت ۋە روھى خاتىرجەملىكنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ «الوابل الصيب» ناملىق كاتتا كىتابىدا «الله نى زىكىر قىلىش»نىڭ يۈزگە يېقىن مەنپەئەتىنى بايان قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

الله نى كۆپ زىكىر قىلىش ئىنساننى مۇناپىقلىق سۈپەتلىرىدىن خاتىرجەم قىلىدۇ. چۈنكى الله تعالى مۇناپىقلارنى ﴿وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «الله نى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ»[2] دەپ سۈپەتلىدى. سىز الله تعالى نى ئاز زىكىر قىلىش بىلەن بۇ سۈپەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇڭ! بەلكى سىز ھەرۋاقىت، يولدا، بازاردا، ئۆيدە ۋە كۈتۈپخانىدا دائىم تىلىڭىزنى الله نى ئەسلەش بىلەن نەم تۇتۇشىڭىز كېرەك. بۇ تىل زىكىرگە كۆندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق. سىز ئۆزىڭىزنى الله تعالى نى زىكىر قىلىشقا كۆندۈرۈڭ. ئىككى سەھىھ ھەدىس كىتابىدىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 190- ئايەت ۋە 191- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا 142- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى سۆز بار، تىلغا يەڭگىل...» بۇ ئىككى سۆز تىلغا يەڭگىل. ئەگەر ئىنسان بىر - ئىككى سائەت الله نى زىكىر قىلىپ ئولتۇرسا ئەجىبا ئۇ چارچاش ھېس قىلامدۇ؟! «تىلىم زىكىردىن چارچاپ كەتتى، تىلىمنى ئارام ئالغىلى قويۇڭلار» دەمدۇ؟! ئەمەلىيەتتە سىز تىلىڭىزنى ئىتائەت بىلەن مەشغۇل قىلىڭ ياكى گۇناھ - مەئسىيەت بىلەن مەشغۇل قىلىڭ تىل چارچىمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى سۆز بار، تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر...» سىز قىيامەت كۈنىدىكى تارازىڭىزنى ئېغىرلىتىڭ! «رەھمان تائالاغا سۆيۈملۈك، ئۇلار ‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ›[1] ۋە ‹سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ›[2] دۇر».[3]

زىكىرنىڭ نۇرغۇن كاتتا پايدىلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تعالى بىزنى بەش ئاساستىن كېيىن[4] ئۆزىنى زىكىر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلَاةَ فَاذْكُرُوا اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِكُمْ﴾ «نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا الله نى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى

---

① سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ : الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيمەن.

② سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ : ئۇلۇغ الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

③ ھەدىسنىڭ تولۇق تېكستى: تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر، رەھمان تائالاغا سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە سۆز بار، ئۇلار «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ» ۋە «سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيمِ»دۇر. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

④ بەش ئاساس: شاھادەت كەلىمىسى، ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج.

مۇمكىن)».①

رامىزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن اللە تعالى نېمىگە بۇيرىدى؟ رامىزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن اللە تعالى ئۆزىنى زىكىر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ «(ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا اللە نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ».②

اللە تعالى نامازدىن ۋە رامىزاندىن كېيىن، شۇنداقلا ھەجدىن كېيىن ئۆزىنى زىكىر قىلىشقا بۇيرىدى. اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا قَضَيْتُمْ مَنَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُوا اللَّهَ كَذِكْرِكُمْ آبَاءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا﴾ «سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، اللە نى بولسا ئاتا - بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار».③ بۇلار ئەرەفاتتىن قايتقاندىن كېيىن ۋە ھەج پائالىيتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بولىدۇ.

بىز ئىلگىرىكى ئايەتتە جۈمە نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن اللە نى

---

① سۈرە نىسا 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە بەقەرە 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە بەقەرە 200- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەسلەشنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. يەنى الله تعالى ئېيتقاندەك، مۇسۇلماننىڭ ھەتتا ھەربىر كۈنى الله نى زىكىر قىلىش بىلەن بولىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ﴾ «بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ».[1]

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، الله نى زىكىر قىلىشقا ئوخشاش كۈندە مۇسۇلماننىڭ قەلبىنى راھەتلەندۈرىدىغان، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، ئىمانىغا بەخت - سائادەت، راھەت ۋە خاتىرجەملىكنى ھېس قىلدۇرىدىغان ھېچبىر ئىش يوق. دېمەك، بىز ئۆزىمىزنى الله نى زىكىر قىلىشقا كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. الله نى زىكىر قىلىش ئىنسانىغا بەخت - سائادەت، مۇلايىملىق ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ.

كىم نېمە نەرسە ئۈستىدە ياشىغان بولسا، شۇ نەرسە ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ. سىلەر بەزى ئالىملارنىڭ: «كىم نېمە نەرسە ئۈستىدە ياشىغان بولسا، شۇ نەرسە ئۈستىدە ئۆلىدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزىگە دىققەت قىلىڭلار! ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئەگەر سىز بارلىق ھاياتىڭىزدا الله نى زىكىر قىلىپ ياشىغان بولسىڭىز، الله نىڭ ئىزنى بىلەن الله نى زىكىر قىلغان ھالەتتە ۋاپات تاپىسىز. ئىككى شاھادەت كەلىمىسى ھەرۋاقىت سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بولغانلىقى ئۈچۈن، (سەكراتتىكى ۋاقتىڭىزدا) بىرەر كىشىنىڭ ئىككى شاھادەتنى سىزگە ئۆگىتىشىگە مۇھتاج بولمايسىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق

[1] سۈرە رەئد 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن: «كىمنىڭ دۇنيادىكى ئاخىرقى سۆزى <لا إله إلا الله> بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ».[1]

بىز ئۆزىمىزنى ۋە تىلىمىزنى الله نى كۆپ زىكىر قىلىشقا كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق كەلگەن: «ئادەم بالىسى ئۆزىنى الله تعالى نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا، الله تعالى نى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق بىرەر ئەمەلنى قىلىپ باقمىدى».[2]

زىكىرنىڭ دىنىمىز ئىسلامدىكى ئورنى ناھايىتى چوڭ. الله سىلەرگە بەرىكەت بەرسۇن، سىلەر الله نى كۆپ زىكىر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار! كىمكى مۇشۇ تېما ھەققىدە كۆپرەك بىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ «الوابل الصيب» ناملىق كىتابىغا قارىسۇن، الله نى كۆپ زىكىر قىلىشنىڭ نەتىجىسى ۋە مېۋىلىرىنى تاپىدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى، كەرەملىك الله تىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين!

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بولۇپ، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

# 28- دەرس

# «يا حي يا قيوم...» ھەدىسى توغرىسىدا

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى».①

جىمى ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر، ئۇ زاتقا كۆپلەپ پاك ۋە بەرىكەتلىك ھەمدىلەر بولسۇن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۈنى دۇئا بىلەن باشلىنىپ، دۇئا بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكىرلەرنىڭ قاتارىدىن بولغان ھەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن باشلانغان، شۇ سەۋەبلىك بىزمۇ ھەم سىلەرگە سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرگەن دۇئالاردىن بىرى: «يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ ، بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ ، وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ» (تەرجىمىسى: ئى ھەمىشە ھايات ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مېنى

---

① سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

قۇتقۇزغىن، مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقان ۋاقىتچىلىك مېنى ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن!).①

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈننى دۇئا بىلەن باشلىغىنىدەك، مۇسۇلمانمۇ كۈننى دۇئا بىلەن باشلىشى ۋە دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشى لازىم. مۇسۇلماننىڭ بارلىق ھاياتى دۇئا بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ھاياتى اللە قا باغلانغان بولىدۇ. چۈنكى اللە نىڭ ياردىمىسىز ئىنساننىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ . ئۇنىڭ اللە تىن ياردەم تىلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ دۇئانى اللە نىڭ ئىككى ئىسىم سۈپىتى «يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ» (ئى ھەمىشە ھايات ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى اللە!) بىلەن باشلىدى. بەزى ئۆلىمالار: «ھەقىقەتەن ئۇ اللە نىڭ بۈيۈك ئىسىم سۈپەتلىرىدىندۇر» دېدى.

«الحي»: ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇكەممەل ھاياتلىق بار دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى اللە تعالى نىڭ ھاياتى مۇكەممەل ھاياتلىق بولۇپ، بىزنىڭ ھاياتىمىزغا ئوخشىمايدۇ. اللە تعالى نىڭ ھاياتى يوقلىش بىلەن ئىلگىرى قىلىنمايدۇ ۋە ھاياتىغا يوقلىش قوشۇلمايدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى ئەكسىچە يوقلىش بىلەن ئىلگىرى قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يوقلىش قوشۇلىدۇ. اللە تعالى نىڭ ھاياتىدا كەمچىلىك ۋە ئەيىب - نۇقسان بولمايدۇ.

① نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ﴾ «ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ».[1] ئىنسان هاياتى ئەكسىچە كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىققا دۇچار بولغان بولىدۇ ھەمدە ئىنساندا نۇرغۇنلىغان ئەيىبلەر بولىدۇ.

«يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ»دىكى «الحي» ۋە «القيوم» ئىككىلىسى اللە نىڭ ئىسىملىرى قاتارىدىن.

«القيوم»نىڭ مەنىسى: اللە تعالى ئەزەلدىن بار بولغان ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر. اللە تعالى ھەممىدىن بىھاجەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولغان ۋە ئۆزىدىن غەيرىگە موھتاج بولمايدىغان زاتتۇر. ئادەم باللىرى ئەكسىچە باشقىلارغا موھتاج بولىدۇ، يەنى يېيىشكە، ئىچىشكە، ئايالغا، كېسەل بولۇپ قالسا دوختۇرغا موھتاج بولىدۇ. اللە تعالى ھېچبىر شەيئىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى اللە تعالى ھەممىدىن بىھاجەت، ھەمدىگە، مەدھىيىلەشكە ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق زاتتۇر ۋە ئەزەلدىن بار بولغان ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى اللە تعالى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ.

«يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ ، بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ» (ئى ھەمىشە ھايات ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى اللە، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مېنى

[1] سۈرە بەقەرە 225- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇتقۇزغىن!). سىز اللە تعالى دىن ئۆز رەھمىتى بىلەن سىزنى قۇتقۇزۇشنى تىلەڭ! چۈنكى اللە تعالى قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى «رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دەپ سۈپەتلىدى ۋە يەنە بىر ئايەتتە «ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زات» دەپ سۈپەتلىدى.

دېمەك، ئىنسان اللە تعالى نىڭ رەھمىتىنى دائىم اللە تعالى نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن سورىشى، يەنى «ئى ئەڭ رەھىم قىلغۇچى، ئەڭ كەرەملىك، رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دەپ سورىشى كېرەك، بۇ مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتىلگەندۇر. ئىنسان دۇئا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دۇئالىرىنى اللە تعالى نى مەدھىيىلەش ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن باشلىشى دۇئانىڭ ئەدەپلىرى قاتاردىندۇر. ئىنسان دۇئاسىدا اللە تعالى دىن اللە تعالى نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن سورىسۇن!

«بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ» (ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزغىن، مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن!). سىز بۇ ئىبارىلەرگە دىققەت قىلىڭ!

بىز ئەمدى «أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ» ئىبارىسىگە توختىلىپ ئۆتىمىز. «كُلَّهُ» دېگەن سۆزگە قاراڭ! بۇ سۆز دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالدى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ! سىز بۇ دۇئانى يەنى «أَصْلِحْ

لِي شَأْنِي كُلَّهُ» (مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن!) دېگەن دۇئانى ئوقۇسىڭىز، بۈيۈك ياراتقۇچى بولغان اللّٰه سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ، بەلكىم سىز « اللّٰه تعالى مېنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئىشلىرىمنى قانداق ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. مەن ئېيتىمەنكى، سىز بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ۋە توسقان ئىشلاردىن يېنىش. يىغىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ قەلبىڭىز اللّٰه قا باغلانغان بولۇشى ھەمدە مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتتە اللّٰه نى يەككە - يېگانە بىر دەپ بىلگەن بولۇشى كېرەك.

اللّٰه تعالى ھەر ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىپ بەرگۈچى زاتتۇر، بەندىنىڭ ئىلمى ۋە چۈشەنچىسى قانچە يۇقىرى بولۇپ كەتسۇن مۇستەقىل ھالدا ھېچ ئىشقا قادىر بولالمايدۇ. بەندە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر بىر مىنۇتلىرىدا اللّٰه نىڭ كۆڭۈل بۆلىشىگە، تەۋپىقىگە، قوغدىشىغا، ھىدايەت قىلىشىغا، توغرا يولغا باشلىشىغا ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىگە موھتاجدۇر. ئىنسان اللّٰه قا ھەر دائىم ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى يېلىنىپ، تەكرار - تەكرار دۇئا قىلىشى كېرەك. بۇ دۇئا پەقەت ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكىرلەرگە خاس ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان كىشى بۇ دۇئانى ھەتتا سەجدىلىرىدىمۇ ئوقۇشى كېرەك. سىزمۇ بۇ دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىپ ئەمەل قىلىڭ! ئاياللارمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بۇ دۇئانى يەنى «يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ ، بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّه» دۇئاسىنى ئوقۇپ ئەمەل قىلىدۇ.

دېمەك بىرىنچى، بۈيۈك كاتتا ياراتقۇچى بولغان اللە تعالى سىزنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئىشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسىڭىز بىلەن بولغان ئىشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە قەلبىڭىزنى روھىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پاكلايدۇ.

ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبىسىنى «وَنَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا» (اللە قا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز) دېگەن دۇئا بىلەن باشلايتتى. چۈنكى نەپسنىڭ رىيا، كىبىر، ئالدامچىلىق ۋە نىفاق يامانلىقلىرىدىن ئىبارەت كۆپلىگەن يامانلىقلىرى بار. سىز اللە قا سېغىنىپ بۇلاردىن پاناھلىق تىلەڭ، اللە قا ئىلتىجا قىلىڭ!

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز دۇئالىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى اللە، نەپسىمگە تەقۋالىق ئاتا قىلغىن ۋە نەپسىمنى پاكلىغىن. سەن نەپسلەرنى پاكلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە نەپسىمىزنىڭ ئىگىسىدۇرسەن!» [1] ئى رەببىم، مەن نەپسىمنى پاكلاشقا قادىر بولالمايمەن، سەن ئۆز رەھمىتىڭ، پەزلىڭ ۋە كەرەمىڭ بىلەن نەپسىمنى پاكلىغىن!

دېمەك، بۇ دۇئادا ئەسلەپ ئۆتىدىغان ئىككىنچى ئىش، اللە تعالى سىزنىڭ يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپسىڭىز بىلەن ئىشىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

بېرىدۇ. اللّٰه تعالى سىزنى بۇ دىنىدا مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە سىزگە ئۆز كەرەم - پەزىلەتلىرىنى زىيادە قىلىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، اللّٰه تعالى سىزنىڭ مەيلى يېقىن بولسۇن ياكى يىراق بولسۇن بارلىق كىشىلەر بىلەن بولغان ئىشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ.

اللّٰه تعالى ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى رازى قىلىشتىكى ئىشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىزنىڭ ئايالىڭىزنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىڭىزدىكى، بالىلىرىڭىزنى تەربىيىلىشىڭىزدىكى ۋە قوشنىلىرىڭىزنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىڭىزدىكى ئىشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇلارنى قاقشىتىشتىن يىراق تۇرۇشىڭىزدىكى ھەربىر ئىشلىرىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز كىشىلەر بىلەن سەممىي، ئوچۇق - يورۇق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز، كىشىلەرنى ئالدىمايسىز، كىشىلەرگە يالغان سۆزلىمەيسىز ۋە ئۇلارغا خىيانەت قىلمايسىز، بەلكى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىسىز ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىسىز.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ھالەتتە ۋە ھەرقانداق ئىشتا، بۇ دۇئانى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا، سەجدىلىرىمىزدە ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزدە تەكرار - تەكرار ئوقۇپ تۇرۇشقا ناھايىتى ئېھتىياجلىق. چۈنكى اللّٰه تعالى ئىشلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغۇچى زاتتۇر. مەسىلەن، سىز ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ياكى روھى قىيىنچىلىقتىن بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز، سىز بۇ دۇئالارنى تەكرار -

تەكرار ئوقۇشىڭىز زۆرۈر. چۈنكى الله تعالى ئىشلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغۇچى زاتتۇر.

مەن بۇ دەرسنى سىلەرگە گۈزەل بىر قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن. بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىگە مەپتۇن بولۇشى ئۈچۈن ياسىناتتى. شۇ مەقسەت بىلەن بۇ ئايال زىبۇ - زىننەت، كىيىم - كېچەك، ئەتىر ۋە بارلىق ماددىي سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلغان ئىدى. لېكىن ئەر ئۆيگە كىرگەندە ئايالىغا قارىمىدى، تاتلىق، گۈزەل ۋە شېرىن سۆزلەرنىمۇ قىلمىدى، ھەتتا ئۇ ئايالىغا قىزىقمىدى. چۈنكى بۇ ئايال دۇئادىن ئىبارەت ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇھىم سەۋەبنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى «دۇئا — مۇئمىننىڭ قورالى» دەپ ئېتىبارغا ئېلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال «يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ ، بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ ، وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ» دېگەن بۇ دۇئانى ئۇچراتقان ۋاقىتتا، بۇ دۇئانى تەكرار - تەكرار ئوقۇشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە سىزمۇ ھەم بۇ دۇئانى پەقەت بىر كۈن، بىر ئاي ۋە ياكى بىر يىل تەكرار ئوقۇماي، بەلكى بىر ئۆمۈر ئوقۇسىڭىز، الله تعالى تەرىپىدىن توغرا يول، قوغدىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەۋپىقنى تاپىسىز. بۇ ئايال مۇشۇ دۇئانى كېچە - كۈندۈز تەكرار - تەكرار ئوقۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەر 180 گرادۇس ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەر ئايالىنى ياخشى كۆرۈپ، ھۆرمەتلەپ، ئايالىغا چىرايلىق ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى الله تعالى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ۋە قەلبلەرنى

ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى زات بولۇپ، قەلبلەرنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

ئى قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرنىڭ بۇ دۇئانى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ تۇرۇشۇڭلارنى نەسىھەت قىلىمەن. ئەگەر سىز بۇ دۇئانى نامىزىڭىزدا، يەنى سەجدىلىرىڭىزدە تەكرار ئوقۇشقا قادىر بولالىسىڭىز دائىم ئوقۇپ تۇرۇڭ! چۈنكى بۇ دۇئادا كۆپ ياخشىلىق ۋە بۈيۈك مەنپەئەتلەر بار. بۇ دۇئا — الله نىڭ ئىزنى بىلەن سىزنىڭ ھاياتىڭىز، رېئاللىقىڭىز، ئەخلاقلىرىڭىز ۋە يوللىرىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئەمدى بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدىكى «وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ» (كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقان ۋاقىتچىلىك مېنى ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن!) دېگەن سۆزنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز.

سىز الله تعالى دىن سىزنى ئۆزىڭىزگە تاشلاپ قويماسلىقنى سوراڭ، بولمىسا الله تعالى سىزنى ئاجىزلىققا، كەمچىلىككە، خاتالىققا، گۇناھقا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا تاشلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، الله تعالى نىڭ سىزنى ئۆزىڭىزگە تاشلاپ قويماسلىقى الله نىڭ تەۋپىقى ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى سىز الله تعالى تەرىپىدىن توغرا يول، ھىدايەت، تەۋپىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۈچرىتىسىز.

ئالىملار مۇنداق دېدى: «الله تعالى نىڭ سىزنى ئۆزىڭىزگە تاشلاپ

قويغانلىقى سىزنى ياردەمسىز تاشلاپ قويغانلىقىدۇر. چۈنكى سىز «وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ» دەيسىز.

شۇڭا ئىنسانىنىڭ «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلا بِاللهِ» (تەرجىمىسى: بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت اللە قا خاستۇر)نى دائىم ئېيتىپ تۇرۇشى مۇستەھەپتۇر. اللە سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، سىلەر «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلا بِاللهِ»نى كۆپ دەڭلار. چۈنكى بۇ ئىشلىرىمىزنى اللە قا تاپشۇرغانلىق ۋە اللە قا تەسلىم بولغانلىقتۇر. يەنى خۇددى سىز «ئى رەببىم، مېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ۋە ساگا بولغان ئىتائەتتىن بىرەر ئەمەلنى قىلىشتا ھەمدە گۇناھ - مەئسىيەتتىن ئىتائەتكە بۇرۇلۇشۇمدا، شېرىكى يوق، يەككە - يېگانە زات بولغان سەندىن باشقا تەۋپىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى يوق» دەيسىز.

«وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ» (تەرجىمىسى: كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقان ۋاقىتچىلىك مېنى ئۆزۈمگە تاشلاپ قويمىغىن، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر!). رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ دۇئانى«يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ» (ئى ھەمىشە ھايات ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى اللە!) دەپ اللە تعالى نى مەدھىيلەش بىلەن باشلاپ، يەنە مەدھىيلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. «لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ»: يەنى ئۇ اللە يەككە - يېگانە شېرىكى

يوقتۇر، پەقەت ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇشقا لايىق زاتتۇر.

مانا بۇلار بىز بۇ ھەدىستىن شەرھلەپ بايان قىلىپ بېرىشنى ياخشى كۆرگەن مەزمۇنلاردۇر.

ئاخىردا، اللہ تعالى دىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمىز!



الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: (يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ) «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» (سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت)

